رۇقىيە ئابدۇللا

# قىشۇرالنىڭ چۈشى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى


CBA
CBA

رۇقىيە ئابدۇللا

# قىيۇرالنىڭ چۇشى

(شېئىر، داستانلار)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

二月之梦 ：维吾尔文 / 茹克亚·阿不都拉著. --
乌鲁木齐 ：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，
2011.11

ISBN 978-7-5469-1932-4

Ⅰ. ①二… Ⅱ. ①茹… Ⅲ. ①诗集－中国－当代－
维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 231263 号

| | |
|---|---|
| **书　　名** | 二月之梦 |
| **作　　者** | 茹克亚·阿不都拉 |
| **责任编辑** | 古丽巴哈尔·托合塔木 |
| **特约编辑** | 卡哈尔·尼亚孜 |
| **责任校对** | 加沙热提·吾甫尔 |
| **封面设计** | 艾克拜尔·沙力 |
| **出　　版** | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| **邮　　编** | 830000 |
| **发　　行** | 新疆新华书店 |
| **印　　刷** | 新疆八百印务有限公司 |
| **开　　本** | 880 × 1230毫米 1/32 |
| **印　　张** | 11.625 |
| **版　　次** | 2011 年 11 月 第 1 版 |
| **印　　次** | 2011 年 12 月 第 1 次印刷 |
| **书　　号** | ISBN 978-7-5469-1932-4 |
| **定　　价** | 34.50 元 |



تەربىيە»، «مائارىپنى گۈللىنىشكە يېتەكلەيدىغان ئالتۇن ئاچقۇچ — ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ»، «سەنئەتكار ۋە ھالقىش ئىچىدىكى سەنئەت روھى» قاتارلىق ماقالىلىرى؛ پاتىگۈل نىياز بىلەن بىرلىشىپ يازغان «بۈگۈنكى ياپونىيە جەمىيىتى، ئۆرۈمچى ۋە كۈچا...»، «مائارىپ ئامىلىنىڭ چەكسىزلىكى بىلەن خاراكتېر ساپاسىنىڭ مۇناسىۋىتى»، «ئۆزلۈك بۇلۇڭىدىكى بالىلار ۋە مائارىپ»... قاتارلىق ماقالىسى «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ مائارىپى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان.

رۇقىيە ئابدۇللا ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، كۈچا ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە كۈچا ناھىيەلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇھەببەتلىك قەلب — ئەزگۈلۈكنىڭ بۆشۈكىدۇر

### رۇقىيە ئابدۇللانىڭ «فېۋرالنىڭ چۈشى» ناملىق شېئىر، داستانلار توپلىمى ھەققىدە

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد**

ھازىرغىچە ئۆچەكتىن چىقمىغان ئىدىم. بۇ مېنىڭ ئۆزۈمنى كىچىك ھاشارات ياكى ئەرزىمەس جانىۋار دەپ ھېس قىلغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى تەبىئىتىمدىكى بېكىنمىلىك ۋە خاراكتېرىمدىكى ئېغىرلىقتىن ئىدى. مەن يەنە شېئىر ھەققىدە سۆزلەشتىن ئەيمىنەتتىم، سۆزلەپ-سۆزلەپ... ئاخىرى كېكەچ بولۇپ قېلىشتىن قورقاتتىم. بىراق رۇقىيە ئابدۇللانىڭ «فېۋرالنىڭ چۈشى» ناملىق شېئىر، داستانلار توپلىمىنىڭ نەشرگە يوللانغان ئارگىنالىنى ئوقۇۋېتىپ بىردىنلا ئىچىمدىن تولىمۇ جۇشقۇن ۋە تەخىرسىز ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قالدىم. ئاۋازلارنىڭ ئۈستىدە رىۋايەت سۆزلەپ ئولتۇرغان بىر بوۋاي بار بولۇپ، رىۋايەتتىكى ئاۋازلاردىن يېغىۋاتقان قۇم، قۇمغا كۆمۈلۈپ غايىب بولۇۋاتقان شەھەرلەر، سانسىز ۋە رەڭمۇ رەڭ ھالاكەتلەر ئىچىدە ئۇنتۇپ ياشاپ، سېغىنىپ ئۆلۈۋاتقان كىشىلەر...

مېنى تەئەججۈپلۈك ئويلارغا ئەسىر قىلدى. ئارگىنال ئاياللىق مۇھەببەت ۋە قەھرىمانلىق قامۇسى ئىدى. «ئايال!» دېگەن سۆزدىن چەكسىز مۇھەببەت ۋە بۇرچ بالقىپ تۇراتتى. بۇ ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئايال بولغانلىقىدىنمىدۇ ياكى ئاياللىق نازاكەت ۋە ئانىلىق قەدىر - قىممەتنى تونۇغان شائىرانە قەلب ئىگىسىنىڭ «ئايال» ۋە «ئانا» سۆزلىرىگە يېڭى بىر مەنا ئاتا قىلىشىمىدۇ؟! توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ساپ ۋە سەمىمىي مۇھەببەت تۇيغۇلىرىغا چىلىشىپ تۇرىدۇ، شېئىرىي تىلدىكى جاراڭلىق تاۋۇشلار، دەل ۋە كەسكىن تۇقۇنۇشلار، كەيپىياتتىكى تېز، جىددىي، جانلىق كۆرۈنۈشلەر ئۇقۇغۇچىنى شېئىرنىڭ رېئاللىقىدا ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ، پېرسوناژلار بىلەن تەڭ ھاياجانلاندۇرىدۇ، يىغلىتىدۇ، كۈلدۈرىدۇ...

ئايال...
ئېھ، بۈيۈك سۆيگۈ
يېزىلمىشىڭ گۇناھتىن پۈتتى.

بۇ قەدەر سەمىمىيلىك ئالدىدا بىزنىڭ تىز پۈكمەي ئامالىمىز يوق. يىراق يارالمىشتىكى ئۆزىگە تەۋەبولمىغان سەھۋەنلىك سەرگۈزەشتىسىنى ئەسلىتىپ ئۇ بىزگە نېمە دەپ پىچىرلىماقچىدۇ؟...مەن تېخىمۇ ئىچكىرىلىدىم، رەڭگارەڭ كەرەشمە ۋە تىل ئويناقلىرىنىڭ ھەيرانلىقىدا ئوڭ - سول يېنىمغا قاراپ ئۈلگۈرمەيتتىم.

هەۋۋانىڭ ئىزى بوپ ياشايمەن ئۇزاق
جاھاننىڭ كۆزى بوپ قارايمەن يىراق...

دەپ ۋارقىرايتتى «سۆيۈنىمەن ئاياللىقىمدىن» ناملىق شېئىردىكى ئايال.

يىغلاپ قالسا چۈشۈمدە نۇزۇك
روھ چۆلدە ئۆلىمەن سۆزسىز...

دەپ شىۋىرلايتتى «قويۇپ بەرگىن دوستۇم ئەركىمگە» ناملىق شېئىردىكى سەبىي قىز. مەن ھەيرانلىق دالىدا كېتىۋېتىپ «كۈسەن قىزى»نى ئۇچراتتىم، ئۇ رەڭمۇرەڭ تەبىئەت بىزەكلىرىدىن لىباسلانغان بولۇپ، بىر قارىسام مىڭ ئۆيدىكى تام رەسىملىرىدە بۇددا ئۇسسۇلى ئوينايتتى، بىر قارىسام قىزغۇچ بويالغان بۇدرە چېچىنى ئېلېكتىر چىراغىنىڭ نۇرىدا يالقۇنلاتقىنىچە كومپيۇتېر ئالدىدا خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى...

چوڭ بولغانچە تەبىئەتتىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز. باللىقىمىزدا بىز نازۇك شاخلىرىنى قايرىغان مەجنۇنتاللار ھازىر قېرىپ چاڭگا باش پور سۆگەتكە ئايلانغان. قوي باققاچ سۇزۇك ۋە يۇملاق تاشلار بىلەن مۇڭداشقان سايلاردا ھازىر زاۋۇت تۇرخۇنلىرى ئەجدىھادەك ئوت پۈركۈپ تۇرىدۇ. قارىساق ئاسمان

تېخىمۇ پەس، يۇلتۇزلار تېخىمۇ غۇۋا، ئاي تېخىمۇ نۇرسىز... ھايات بىزنى تېخىمۇ چوڭ بولۇشقا ئالدىرىتىدۇ، لېكىن چوڭ بولغانچە تەبىئەتنىڭ قوچىقىدا بارغانسېرى كىچىكلەپ بارىمىز. گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنى، يارقىن غايە - ئىستەكلىرىمىزنى تۇرمۇش ئالدىراشلىقلىرى، تولىمۇ يالىڭاچ ۋە ھەددىدىن زىيادە چىن رېئاللىق گويا ئاخىرىغا يەتكىلى بولمايدىغان بىمەنە خام خىيالغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. بىزگە مەنسۇپ بولغان ئەڭ بەختىيار، ئەڭ غۇبارسىز ۋە قايناق چاغلار پەقەت بالىلىق ئەسلىمىمىزدىلا مەۋجۇت، ئۇ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك بايلىقىمىز... يات يەرلەردىكى يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرىدىن يۇرتىمىزدىكى دەرەخلەرنى كۆرگەندەك بولىمىز، ناتونۇش دەريانىڭ دولقۇنلىرىدىن يۇرتىمىزدىكى دەريانىڭ شاۋقۇنلىرىنى تىڭشايمىز. يېڭى سەھرادىكى كونا تامنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كۆزىمىزگە ھەيرانلىق ۋە چۆچۈش ئىلكىدە بىر قاراپ پارتىتىدە قېچىپ كەتكەن بالا بىزگە شۇ قەدەر تونۇش، بەلكىم ئۇ ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كەتكەن بالىلىقتىكى ئۆزىمىزدۇر!... ۋەھالەنكى، «بالىلىق»، «سايرام»، «ئىلى دەريا سۆيگۈسى»، «تارىم لىرىكىسى»... قاتارلىق شېئىرلار بەخش ئېتىدىغان تۇيغۇلار بۇنىڭدىنمۇ مول، بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر.

تۇپلامدا ئەڭ كۆزگە تاشلىنىدىغىنى يەنىلا

داستانلاردۇر. رۇقىيە ئابدۇللانىڭ شېئىرىيەتتىكى تالانتىمۇ شېئىرلىرىدىن كۆرە داستانلىرىدا گەۋدىلىكرەك ئىپادىلىنىدۇ. توپلامغا «كۆيۈك تۇپراق»، «قۇياش رىۋايىتى»، «تۇمارىس»، «فېۋرالنىڭ چۈشى»، «نىساخان ئانا»، «مۇھەببەت» قاتارلىق ئالتە داستان بېرىلگەن بولۇپ، بۇلار توپلامنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە ئاساسىي مېلودىيەسىنى تەشكىل قىلىدۇ. داستانلاردا ئىپادە قىلىنغان تارىخ سەلتەنەتلىرى دەم ـ دەم ھازىرغا قويۇلىدۇ، بىز رېئاللىقتا بېشىمىزدىن كەچۈرۈپ باقمىغان، لېكىن روھىيىتىمىزدە ئەزەلدىن بار بولغان شانلىق سەرگۈزەشتىلەرنى شېئىرىي مەستخۇشلۇق ئىچىدە داۋاملاشتۇرىمىز. داستانلاردىكى لاۋۇلداپ تۇرغان ئىنسانىي ئىشق، مەنىۋىي بۇرچ، ۋەتەن سۆيگۈسى... كۆيۈپ ئۆچكەن يۈرىكىمىزگە قايتىدىن ئوت ياقىدۇ. شۇنداق، شېئىر تۇپەيلىدىن قىشتىمۇ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىدۇ، تۇنمۇ يوپيورۇق. شېئىر تۇپەيلىدىن مىليون ئىرالىق يىراق زامانلار تۇيغۇمىزدا ھازىر، پايانسىز ئالەم كۆڭلىمىزدە جەم. شېئىر بولمىسا قەلبتىكى نازۇك تۇيغۇلار ۋە گۈزەل ئەستىلىكلەر ماددىي مەنپەئەتنىڭ رەھىمسىزلەرچە ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا ئۇچرايدۇ. شېئىرىي تۇيغۇ بولمىغان قەلبتە ئەزگۈلۈككە ئورۇن يوق، بۇنداق قەلب ئىگىسى ياخشىلىق ۋە مۆرۈۋۋەتتىن تېخىمۇ يىراقتۇر. بۈگۈنكىدەك يۈكسەك دەرىجىدە

ئىجتىمائىيلاشقان، ئادەملەر بىر - بىرىدىن يىراقلىشىۋاتقان، ھەربىر مۇناسىۋەت مەلۇم مەنپەئەت ئاساسىدا قۇرۇلۇۋاتقان دەۋردە شېئىر خۇددى تۇزدەك مۇھىمدۇر. ئىنسان ئۈچۈن بارلىقنى بېغىشلىغۇدەك بىر ئارمان، تايانغۇدەك بىر رەھنەما بولۇشى كېرەك، ۋەھالەنكى بۇلار ئاشۇ ئىنساننىڭ ئۆزىدىدۇر. ئۆزىگە ھاجەتمەن بولمىغان، ئىلتىجا قىلمىغان كىشى شەكسىزكى باشقىلارغا ھاجەتمەن بولىدۇ، ئىلتىجا قىلىدۇ... توپلامدىكى شېئىر ۋە داستانلار باشتىن - ئاخىر مۇھەببەتنى تەرغىب قىلىدۇ. مۇھەببەت — مۇھەببەتسىزلىك ئاپىرىدە قىلغان ئەينى قىيامەتتىكى نوھنىڭ كېمىسىدۇر.

سەنئەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، شېئىرىيەتنىڭ ھېچقانداق بۇرچ ياكى مەجبۇرىيىتى يوق، لېكىن ئۇ يېزىق ۋاستىسى ئارقىلىق ئاما بىلەن ئۇچرىشىشتەك تارقىلىش شەكلىگە ئاساسەن تەبىئىي ھالدا جەمئىيەتكە ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شېئىردىكى ئىدىيەنىڭ سىڭىشى ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئۆزگەرتىشى مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەرگە قارىغاندا ئاستا، لېكىن چوڭقۇر بولىدۇ. ھەقىقىي شېئىر دىداكتىكا ئەمەس، ئۇ بىۋاستە پەندى - نەسىھەت ئارقىلىق ياخشى - ياماندىن ئۈگۈت قىلمايدۇ، لېكىن كىشىلەرگە گۈزەل تۇيغۇلارنى بېغىشلاپ، يۈرەكنىڭ

چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھاياتقا، ئىنسانغا ۋە تەبىئەتكە نىسبەتەن مۇھەببەت ئويغىتىدۇ. مۇھەببەتلىك قەلب ــ ئەزگۈلۈكنىڭ بۆشۈكىدۇر. شائىر ــ يۈرىكى ئەزگۈ مۇھەببەتكە تولغان ئادەمدۇر. شائىر ــ ئەزگۈلۈك ۋە مۇھەببەت تارقاتقۇچىدۇر. رۇقىيە ئابدۇللانىڭ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «تۇمارىس»، «كۆيۈك تۈپراق»، «قۇياش رىۋايىتى»، «نىساخان ئانا» داستانلىرى تارىخىي تېمىلارنىڭ مۇراجىئىتى ئاستىدا، ئەل - ۋەتەن مۇھەببىتىنى باش تېما قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ داستانلار بىزگە يىراق قەھرىمانلىق تارىخى ۋە ئۆلمەس مۇھەببەت قىسسىسىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ، لېكىن نەپىس تىل، نازۇك ۋە يارقىن شېئىرىي كەيپىيات داستانلارنى ئۇچۇر يەتكۈزۈش خاراكتېرىدىن ھالقىتىپ، گۈزەل ۋە سەنئەتلىك تۈستە جۇلالاندۇرىدۇ ۋە يۇقارقى سۆزىمىزنى دەلىللەيدۇ.

مەن بۇ يەردە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ياكى تەنقىدچى ئەمەس، بەلكى ئاددىي بىر كىتابخانلىق سالاھىيىتىدە سۆزلەۋاتقانلىقىم ئۈچۈن نۆۋەتتە خەلقىمىزدە باش كۆتۈرگەن شېئىردىن يىراقلاش، كىتابخانىلاردا ئاندا - ساندا بويۇن قىسىپ تۇرغان تېما، قۇرۇلما ۋە ئىپادىلەش جەھەتتە گويا بىر قېلىپتىن چىققان خىشتەك توپلاملار ۋە شېئىرسىراپ كەتكەن كىتابخانلار ھەققىدە ئارتۇق گەپ قىلمايمەن. بىراق نېمە

ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ دېگەن سوئالدىن ھالقىپ ئۆتەلىگۈدەك جۈرئىتىمۇ يوق. مىللىتىمىزنىڭ تولىمۇ يىراقلاردىن باشلانغان شانلىق مەدەنىيەت تارىخى، تىلسىماتلاردەك سىرلىق ۋە مۇرەككەپ روھى تىندۇرمىسى، يېقىنقى جاھالەت ۋە داۋاملىشىۋاتقان تېراگېدىيە، نۆۋەتتىكى پىسخىك بوھران... يەنە نېمە كەملىك قىلىدۇ؟ تىلمۇ؟!... ياق، ئىپادىلەش دائىرىسى كەڭ، مەنە قاتلىمى چوڭقۇر ۋە پاساھەتلىك ئۇيغۇر تىلىغا گۇناھ ئارتىشقا يۈز قىزىرىدۇ. نېمىدۇر بىرنەرسە كەملىك قىلغاندەك قىلىدۇ، شۇنداق، بىر نەرسە كەم، ئۇ — مۇھەببەت، ئۇ — شىجائەت! مەن ھېچقاچان ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ماھارىتىدىن گۇمان قىلىپ باققان ئەمەس، مەن يەنە ھېس قىلغانكى زور كۆپچىلىك ماھارەتلىك شائىرلىرىمىز ئۆزىدىن ھالقىيالمىدى، قەلبىدىكى چېگرالارنى بۇزۇۋېتەلمىدى، تېخىمۇ كەڭلىككە، چوڭقۇرلۇققا ۋە يۈكسەكلىككە يۈزلىنەلمىدى. نېمىدىندۇر خۇدۇكسىرەش ۋە خاۋاتىرلىنىش ئۇلارنى قەلبىدىكىنى سۆزلەشتىن توسۇپ قويدى. شېئىرلار بىر بولسا ھەددىدىن زىيادە ئابستراكت ۋە چۈشىنىكسىز ھالەتتە، بىر بولسا تىزىق تىزغاندەك ئۆلچەملىك سۆز تىزمىلىرى ياكى پەندى - نەسىھەت ھالىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئوقۇرمەنلەرنى «شېئىر»نىڭ ھەقىقىي ھوزۇرىدىن بەھرىلەندۈرەلمىدى. شېئىرغا بولغان بۇ

سەمىمىيەتسىز پوزىتسىيە ئاخىرىدا شېئىرنىڭ ئاۋامدىن يىراقلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى... رۇقىيە ئابدۇللانىڭ مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىر، داستانلىرىدىن كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان سەمىمىيلىك ۋە ساپ مۇھەببەت بالقىپ تۇرىدۇ. بۇ شېئىر، داستانلاردا ھەم ئىدراكى ئۇيلىنىش، ھەم شېئىرىي تەسەۋۋۇر رەت قىلىنمايدۇ. ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن ھېسسىيات زىچ گىرەلىشىپ ئوقۇرمەنلەرنى گاھ شېئىردىكى ئەپسانىۋى رېئاللىقتا سەيلەتسە، گاھ توسقۇنسىز ۋە بىباش تەسەۋۋۇر بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ بىزنى سۆيۈندۈرىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، پۈتۈنسۈرۈك بىر شېئىردىن كۇپلىتلارغىچە، مىسرالاردىن سۆزگىچە قىلچە ساختىلىق ئارىلاشمىغان. تۇيغۇلار شۇ قەدەر چىن ۋە سەمىمىي بولۇپ، ھەربىر شېئىردىن شائىرەنىڭ يارقىن سىيماسىنى كۆرەلەيمىز، دۇپۇلدەپ سوقۇپ تۇرغان مۇھەببەتلىك يۈرىكىنى ھېس قىلالايمىز. تەبىئەتكە، يۇرتقا، ئەل - ۋەتەنگە بولغان قايناق مۇھەببەت ھەربىر شېئىردا ۋە داستاندا ۋاراقشىپ قايناپ تۇرىدۇ. ئوبرازلىق تىللار بىلەن جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارىخىي چىنلىق، رېئال ھايات كارتىنىسى، ئېتىقاد ۋە مۇھەببەت ھەققىدىكى مونولوگلار قەلبىمىزنى ھاياجانغا سېلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا بارىكاللا رۇقىيە!

دېگەن سۆزدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايمىز.

بۇ توپلامدىكى شېئىر ۋە داستانلار ئارقىلىق ساپدىللىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن قەلبىدىكى گۈزەل ھەمدە يارقىن تۇيغۇلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ گۈل ـ گۈلىستان بېغىدا پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان بىر گۈلنى بايقىدۇق. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تارىخىي تېمىغا بېغىشلانغان نەپىس ۋە كۆركەم داستانلىرى ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىپ، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا ئۆزىنى يارىتىۋاتقان مەزمۇت سىياقى كۆز ئالدىمىزغا كەلدى. مەن مەزكۇر توپلامنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنى بولۇش تەشەككۈرىمنى ۋە ئاپتورغا بولغان سەمىمىي رەھمىتىمنى ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىگە تېخىمۇ زور يۈكسىلىشلەرنى تىلەش، ھاياتىنىڭ ئۆزى يازغان شېئىر ـ داستانلاردەك گۈزەللىك ۋە يارقىنلىق ئىچىدە تېخىمۇ يېڭى مەنالارنى تېپىشقا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئىزھار قىلىمەن!

2011 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇن، خوتەن

# مۇندەرىجە


ئۆزۈمنى دۈئىلغا چىللايمەن ھەردەم ........................ 1
ھاياتلىق قىسسىسى........................................ 3
قويۇپ كەتكەن دېھقان ئاكا بالاڭنى.......................... 4
تېپىۋالاي سەن يوقاتقان ئەقلىنى ............................ 6
ئەلۋىدا، ئەل ئوغلى....................................... 9
نورۇزنامە................................................ 11
قايتقان ئەقىدە............................................ 13
ئايال .................................................... 15
تۇغۇلغان كۈن............................................. 17
قار لىرىكىسى ............................................ 19
قويۇپ بەرگەن دوستۇم ئەركىمگە ........................... 21
شېئىر بولۇپ تۆكەي مۇھەببەت............................. 23
بازار .................................................... 25
بالىلىق .................................................. 31
سايرام.................................................. 37
ئىلى دەريا سۆيگۈسى ...................................... 40
كۈسەن................................................... 46

كۈسەن قىزى ........................................ 48
سۆيۈنىمەن ئاياللىقىمدىن ............................ 52
سېنتەبىر كۈيى.......................................... 54
ئانامغا ................................................... 57
سەھرادىكى يېگانە ئانا................................ 59
باللار ..................................................... 61
مەن ........................................................ 64
ئۆتسەم دەيمەن سەن بىلەن قاتار...................... 65
سەن ۋە مەن............................................. 66
يۈرەك قىسسىسى ........................................ 68
تېلېفون ................................................... 69
ئۈمىد ...................................................... 70
تۇغۇلغان كۈنۈڭ........................................ 71
دوستۇمغا................................................ 72
سېغىنساڭ كەل چۈشلىرىم تامان....................... 73
ئۆكسۈش ................................................. 74
ھاساڭ بولۇپ بارىمەن بىر كۈن ........................ 75
تېنەش .................................................... 77
سېغىنىش كۈيى........................................... 78
ئىزدىمىگىن، كەتتىم ئۆزۈمگە ........................... 80
ئەپكەش كۆتۈرگەن مۇئەللىم قىزچاق .................. 82

سەن بەرگەن شېئىر ........................ 84
قۇرۇتمىسۇن يۇرۇكىڭنى غەم........................ 86
ئىلھام پەرىسىگە ........................ 87
نىدايىڭدىن سىلكىنەر يۇرەك ........................ 88
مەن شۇنداقمەن سەۋدايىسىمان ........................ 89
يۇرىكىم گوياكى تۇمانلىق قىرغاق........................ 90
كۆيۈك توپراق (داستان) ........................ 91
يوللارغا روھىڭدىن چېچىلسۇن ئېھسان ........................ 118
قۇياش رىۋايىتى (داستان) ........................ 120
ئانا ........................ 142
تۇمارىس (داستان)........................ 143
فېۋرالنىڭ چۇشى (داستان)........................ 178
سەھرادىكى سۆيۈملۈك ئۇۋا ........................ 204
كەل باغرىمغا سۆيۈملۈك بوغۇن ........................ 208
ماۋزۇسىز ........................ 210
چۆكەي دەيمەن ئەقىدەمنىڭ تېگىگە ........................ 211
ئوغلۇمغا........................ 212
دېھقانغا........................ 214
ياتلاشما........................ 216
نېتزى كۇسەندە ........................ 218
چىڭغىز بىلەن سىردىشىش........................ 221

بۆرە رىۋايىتى ........................................ 224
سۆيگۈ لىرىكىسى ........................................ 227
جىلمىلىيۇزىنى ئەسلەپ ........................................ 228
باھار لىرىكىسى ........................................ 230
چىڭغىز ئايتماتوفقا مەرسىيە ........................................ 232
كېچىش ........................................ 236
شېئىرسىراش ........................................ 237
مۇھەببەت ........................................ 239
سەن ۋە مەن ........................................ 241
... غا ........................................ 243
ئوغلۇمغا ........................................ 244
ئۆلۈم لىرىكىسى ........................................ 248
ئۇستازسەن قەلبىمدە ئالەم گۈللىگەن ........................................ 250
مۇھەببەت (داستان) ........................................ 252
نىساخان ئانا (داستان) ........................................ 269
ئويغىنىش ........................................ 321
تارىم لىرىكىسى ........................................ 324
ئۆزۈمنى ئىزدەپ ........................................ 328
ئەينەك ........................................ 334
ھاياتلىق لىرىكىسى ........................................ 335
كۈتمەن سېنى ........................................ 338

سىگنېپ كېتەي ئۆزۈمگە ئەبەد ........................ 339
چۆكۈش ........................................................ 340
چاقىرماقتا بىرى مېنى يىراقتا ............................ 341
ئاققۇشقاچ ..................................................... 343
ئانا .............................................................. 345
شېئىر ۋە شائىر ................................................ 348
غەزەللەر ....................................................... 350

# ئۆزۈمنى دۇئېلغا چىللايمەن ھەردەم

يۈخادىن چىققۇدەك يازغۇم بار شېئىر،
ۋە لېكىن تەپەككۇر گۈلشىنىم چاڭقاق.
كۆكسۈمگە مىق بولۇپ ئۇرۇلار ئۆتمۈش،
قالماقتا ئارمىنىم بەتلىرى ئاپئاق.
يۈرەكتىن قان تېمىپ تۇرغاچقا ھەردەم،
تېنىمنى جاراھەت قاپلىدى قات - قات.
ئۈمىدىم ساھىلى شەپەققە رەڭداش،
كۆيدۈرەر ئالتۇن رەڭ ئىستىكى پات - پات.
جىلمىيىپ قويىدۇ بەزىدە چىنلىق،
سەزگۈمدىن تۇغۇلغان دۇنياغا قاراپ.
سوئاللار يۇتىدۇ جاسارىتىمنى،
«ئۆزۈم كىم؟» ھېچ ياقتىن كەلمەيدۇ جاۋاب.
بەدبۇيلۇق يېيىلغان ئەتراپقا تامام،
چۈشەلگەن روھىمغا تەقدىرىم مەھكەم.
ئاچ قورساق تۇرىمەن ئالدىمدا تائام،
سۇنالماي قولۇمنى چېكىمەن ئەلەم.
يېقىنلاپ كەلمەكتە ئۆلۈم ھاسىراپ،
سويۇلار تېنىمدىن جاراھەت بىراق.
نۆل بىلەن باشلىنار ھاياتلىق يەنە،

قاچىمەن ھەممىدىن كېتىمەن يىراق.
يۈخادىن چىققۇدەك يازغۇم بار شېئىر،
ۋە لېكىن تەپەككۇر گۈلشىنىم چاڭقاق.
يىقىلار بىركۈنى روھىمغا قۇياش،
مەدەتكار ئەھدىمگە قەدىمي تۇغراق.
شېئىردىن سۇ باشلاپ قەلبىم چۆلىگە،
ئىجادنىڭ بېغىغا تىكىمەن كۆچەت.
دۇئېلغا چاقىرىپ بۇ رېئاللىقنى،
قىزارتىپ قويىمەن ھامان بىر نۆۋەت.

**2000 - يىلى ئىيۇن**

# ھاياتلىق قىسسىسى

يارالمىشىم بەخت ئىدى ئەسلىدىنلا،
نە قىلايمەن ئادەملىككە يېتەلمىدىم.
رەنجىش بىلەن ئۆتتۈم ۋاقىت قوغلىشىپلا،
غەمگۈزارىم ساڭا مەكتۇپ پۈتەلمىدىم.
يېشىل بولۇپ جۇلالىسام ناگاندا بىر،
خىيالىمدىن ھالقىپ يىراق كېتەلمىدىم.
سىرلىق كۆلۈپ كۆز قىستى ـ يۇ، تىلسىم دۇنيا،
ئۇۋچى سىزغان چەمبىرەكتىن ئۆتەلمىدىم.
ئۇچۇپ كەتكۈم كېلەر ئۆزۈم يوق ئالەمگە،
تەقىپلەرنى نەپرەت بىلەن يۈتەلمىدىم.
بوزلاۋاتسا بوتىلاقتەك مۇڭلۇق ئۈنلەر،
تۆمۈر كەشىم تېشىلىشنى كۈتەلمىدىم.
سىم ـ سىم يامغۇر ياغسا گاھى دىلىم يورۇپ،
ھەسرىتىمگە تەڭ شېرىك دەپ ئۆتەلمىدىم.
ئەقىل بەرگىن، ئىمان بەرگىن ۋۇجۇدۇمغا،
يارىلىشنىڭ يۈرىكىگە چۆكەلمىدىم.
پەقەت ئىنسان ئاتالغۇم بار ھەر دەقىقە،
شۈكۈر قىلىپ ئۆتۈشكە ھەم كۆنەلمىدىم.

1998 ـ يىلى سېنتەبىر

# قويۇپ كەتكىن دېھقان
# ئاكا بالاڭنى

قويۇپ كەتكىن دېھقان ئاكا بالاڭنى،
قاچۇرمىغىن مەرىپەتنىڭ بېغىدىن.
يوقتۇرمايلى ئەۋلادلارغا ئىللەتنى،
ئىلىم - پەنگە كۆيسۇن كىچىك چېغىدىن.

تالاي باردىم ئىشىكىڭگە دوقۇرۇپ،
چىراي ئېچىپ ئىللىقىنا باقمىدىڭ.
ئىشىكىڭنى جىددىي ئەمەس ئۇنچىلا،
يالغان سۆزلەپ بالاڭنىمۇ قاتمىدىڭ.

دەيسەن تېخى «ئەپەندىنىڭ ئىشى يوق،
سوكۇلدايدۇ تىلەمچىدەك ئۆيمۇئۆي.
ئەمدى كەلسەڭ بېرەر ئىدىم جاجاڭنى،
مەكتەپكە بار دېگىنىڭگە راسا تويي».

قانداق مىجەز سەندىكى ئۇ ئېيتقىنا،
ياۋاش تۇرۇپ بوزەك ئەتتىڭ ياۋاشنى.
بېسىمغىلا كۆنۈكمۇ سەن ئەزەلدىن،
يا بىلمىدىڭ ئۆزۈڭنىمۇ ئاياشنى.

ياخشى گەپكە كۆنمىگەنتىڭ بىچارە،
قېنى مېنى تىللىغان شۇ ئېغىزىڭ؟
بىلمەيتىمەن، دېدىڭ، توۋا، يالۋۇرۇپ،
ئۆزۈڭگىلا قالدى چارۋا، ئېتىزىڭ.

ئېلىپ كەپسەن بۈگۈن ئۆزۈڭ ئالدىمغا،
قويۇپ كەتكىن دېھقان ئاكا بالاڭنى.
رەھمەت ساڭا، يۈرىكىمنى بىلىپسەن،
ھەيدىۋەتتىڭ كۆزۈڭ توسقان مانانى.

مۈكچىيىپسەن ئەللىككىمۇ ئۇلاشماي،
پەن بولمىغاچ ئىشلىرىڭمۇ قولاشماي.
راھىتىنى كۆر ئوغلۇڭدىن ئىلمىنىڭ،
ياشىرىسەن قېرىغانچە سولاشماي.

يول بەرمەيلى نادانلىققا بولدى بەس،
چىقىپ تاشلا روھىڭدىكى كىشەننى.
ئىلىم بىلەن نۇرلانمىسا دىلىمىز،
تاۋار - دۇردۇن ياپالمايدۇ ئېۋەننى.

1997 - يىلى 25 - مارت

# تېپشۋالاي سەن يوقاتقان ئەقلنى

(ئوقۇغۇچى تىلىدىن)

جېنىم دادا، ئايىغىڭغا باش قويىاي،
دەۋرەپ كەلگەن غەملىرىڭگە قاش بولاي،
قانائەتنى يانجىيدىغان تاش بولاي،
روھىڭ ئۆچۈن ئىلىم - پەندىن ئاش سۇناي،
ئايرىمىغىن مەرىپەتتىن، مەكتەپتىن.

ئوقۇمايمەن دېگىنىمگە قارىماي،
تېخى تالاپ مۇئەللىملەر يارىماي،
بەسلەشتۈرۈپ ئۆزگىلەرنى مارىماي،
ئوقۇتقانتىڭ نى مۇشكۈلدىن داجىماي،
ئىشەن ماڭا چىقالايمەن، تەلەپتىن.

ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىسەن،
يۈرىكىڭدىن قان ئاقسىمۇ كۆلىسەن،
«ئاھ بالام» دەپ باغرىڭنى چاك قىلىسەن،
توسۇقلارغا بىر ئۆزۈڭ تىك تۇرىسەن،
تۇرمۇش ساڭا بولدى جەڭگاھ ئەزەلدىن.

ئانام نىمجان، نىجىس كېسەل بوپ قالغاچ،
دورا پۇلى ئۈچۈن بىلەك خوپ تالغاچ،
مىڭ ئارزۇلاپ تاپقان ھوسۇل ئاز بولغاچ،
بەرىكىتى يوق ساندۇقىمىز بوش قالغاچ،
ۋاي دېيەلمەي خۇن - خۇن بولدۇڭ ئەلەمدىن.

مەن بىلىمەن كۆزلىرىڭدە نېچۈن ياش،
ئەڭ چوڭ غېمىڭ مېنى نادان دەپ ساناش.
پۇل، پۇل، ئەي پۇل، نېمىدېگەن ئۇز ئاتاش،
قاچان كېلەر بىزگە شۇنداق بىر تاللاش،
شۇ نىجىس پۇل ۋەجى كەتتىم مەكتەپتىن.

ئارزۇيۇم شۇ پەن بېغىدىن بال يىغىش،
خۇراپاتقا شىددەت بىلەن ئوت ئېچىش،
تەرىم بىلەن نامراتلارغا يول تېپىش،
پۇلپەرەسلىك زەنجىرىنى ھەم چېقىش،
ئەپسۇس، تېخى بىگانىمەن بۇ سەپتىن.

مىڭ يىغلىساق تۈگىمەسكەن ئىش دېگەن،
ئاشار ئىكەن چۈشكۈنلەشسەك ھەم ئېۋەن،
بىلىم بىلەن تۈگەر چوقۇم كۆپ سەۋەن،
بېشىڭ كۆتۈر قايغۇڭ ئۈچۈن سال يۈگەن،
سەۋەب قىلساق سۇ ئۆتمەيدۇ سېۋەتتىن.

ئوقۇتماسلىق نىيەت ئەمەس سەندىكى،
سەندە ئەمەس، بۇ بىر ئىللەت ئەلدىكى،
ئاۋام بۇگۇن شۇنداق ساۋاق بەردىكى،
«خورلىمىسۇن كۈچ - شىجائەت تەندىكى»،
دەس تۇرمىساق قۇتۇلماق تەس قەھەتتىن.

سەن مۇقەددەس قۇياش كەبى مېھرىڭ بار،
نادانلىققا ئەڭ تاقەتسىز قەھرىڭ بار،
مۇشكۇلگە بوي بەرمەيدىغان ئەھدىڭ بار،
كۆپ ئىنسانغا يول كۆرسەتكەن ئەقلىڭ بار،
شۇ ئەقلنى ئىپىۋالاي مەكتەپتىن.

1997 - يىلى

# ئەلۋىدا، ئەل ئوغلى

(زوردۇن سابىرنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ)

نېچۈن ئۈنلەپ توختىماس كەپتەر؟
نېچۈن غەمكىن سامادا ئەختەر؟
نېچۈن سايرام تاشقىنلار بەتەر؟
نېچۈن دەردلىك يىغلايدۇ بەتلەر؟

ئاھ، ھەسرەتا، ھىجراننىڭ دېغى،
خاراب بولدى كۆڭۈللەر بېغى.
مۈكچەيدى بەل، ياشلاندى كۆزلەر،
ۋاراقلاندى «سۈبھى»نىڭ بېتى.

قالدى ئۈيغۇر ھىجراندا يىغلاپ،
سۆيۈملۈك ئەل ئوغلىنى يادلاپ.
«ئىزدىنىش»نى قۇچاقلاپ «ئاتا»،
«ئارچا» تىكتى «ئابرال»غا ئاتاپ.

ھاسىسىنى چوقۇپ بىر موماي،
مەن «گۈلسارە» دەيدۇ توختىماي.
«پىچىرلىشىپ جىگدىلەر» غەمكىن،
«قوشىنلار»نى كۈتەر ئۈخلىماي.

بارلىقىنى بېغىشلاپ ئەلگە،
«ئانا يۇرت»چۈن چۆمۈلۈپ تەرگە.
«ئەقىدە»دىن ئېچىلدۇردى گۈل،
بولدى قەلەم ئەھلىگە سەركە.

ئۆچتى نۇرلۇق بىر يۇلتۇز بۈگۈن،
«توپىلىق يول» ئۆكسۈيدۇ سۇلغۇن.
چاچلىرىنى يۇلۇپ خانتەڭرى،
«سەبرى» ئۈچۈن بوزلايدۇ يۇلغۇن....

1998 - يىلى

# نورۇزنامە

ئانا يەر كۆكسىگە مەڭزىنى يېقىپ،
كۈلىدۇ ۋىسالغا چۆمۈلگەن ئوت - ياش.
تىرەجەپ بارماقتا زېمىستان ئۈنسىز،
جۇدالىق بېتىنى بېزەيدۇ كۆز ياش.
ئۇيقۇسى بۇزۇلغان قەدىمىي قۇملۇق،
باقىدۇ ئىزلارغا پىچىرلاپ غەمكىن.
باھارنىڭ مېھرىدەك ئىللىق بىر سۆيۈش،
بارخاننى باغاشلاپ ئۆتىدۇ تەمكىن.
قىپقىزىل يۇلغۇنغا تۇتاشقان قۇياش،
بىر گۈزەل لىرىكا پۈتەر ئالدىراپ.
ئەلەملىك ئۇھسىنىش يوقالدى نېكەم،
قېيداشلار تامامى قالار ياتسىراپ.
ئېھ، مانا سۆيۈملۈك ئوماق باللار،
يېپيېڭى مەنزىلگە باسماقتا قەدەم.
نورۇزنىڭ مېھرىدە تىرىلگەن بىر كۈي،
دىللارنىڭ رىشتىنى باغلىدى مەھكەم.
كۈلمەكتە كائىنات، كۈلمەكتە جاھان،
يېشىل رەڭ ئەكسىدە پارلايدۇ ھايات.
ئۆتمۈشنىڭ سۈرەنلىك دولقۇنلىرىدىن،

چۈشىسمان تىرىلىش قاقماقتا قانات.
چېكى يوق نورۇزنىڭ مالايغا، بايغا،
ئىشتاتىڭ دېھقان يا كادىر دېمەس ھەم.
«نورۇزنىڭ ئېشى»نى ئېتەلمىسەكمۇ،
يۈرەكتىن يۈرەككە بېرەيلى زەمزەم.
قاتمىسۇن تاش بولۇپ ۋاپا، مۇھەببەت،
خىلقەتتە كۆز ياش بوپ چۈشمىسۇن ھايا.
مۇقەددەس تۇپراقتىن تامغان ئۇغۇز سۈت،
تىلغانغان غۇرۇرنى پاكلىسۇن قايتا.
كۈلمەكتە كائىنات، كۈلمەكتە جاھان،
تۆكمەكتە باھارغا ئىشقىنى ھايات.
ئارماندىن ئارمانلار تۇغۇلسۇن پەۋەس،
ئۆزۈڭ كىم، ئۆزۈڭنى قايتىدىن يارات.

1997 - يىلى

# قايتقان ئەقدە

كۆرەڭلىمە، ئەي سۇررەڭ شەھەر،
ئالۋۇنلاردىن بېرىپ سەن خەۋەر.
سېھرىڭگە ھېچ بولمايمەن ئەسىر،
روھ چۆلدە بولسامۇ بەتتەر.
تۇمان پۈركۈپ بارار كۆڭۈلسىز،
يىلانسىمان زاۋۇت تۇرخۇنى.
چىرىمەكتە لىرىك مۇھەببەت،
خۇشاللىقنىڭ تۇتتى جۇدۇنى.
قىستاشماقتا ئادەملەر ھەريان،
سوئاللارنى تۆكۈپ كوچىغا.
تەبىئەتنى سىياھقا چىلاپ،
قېتىۋالدى ئەبجەش نوتىغا.
كىچىككىنە مايلامچى بالا،
خىيالىمنى ئەپقاچتى تالاي.
سوغ دەھشىتى سانجىغان يۈرەك،
چېپىشماقتا ئىزدىشىپ ساراي.
كۆزنەكلەردىن باقمەن مىسكىن،
كۆزنەك كەبى مۇزلىغان يولغا.

ئاچچىق ـ ئاچچىق يۆتىلىپ ئازاب،
ئوخشاپ قالدى كېسەلچان قويغا.
ۋاي بولدىلا، قايتاي ئۆزۈمگە،
خىيالىمدىن يىتسۇن بۇ شەھەر.
قۇياش سۆيگەن قاغجىراق يېزام،
ئۇنىمىڭ يوللۇق ئەڭ گۈزەل سەپەر.

2001 ـ يىلى

# ئايال

ئايال،
ئاقار ئۇنسىز
تومۇرىدا دۇنيانىڭ
قىتئەلەرگە بولۇپ قېرىنداش.
ئالىقىنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قۇياشنى،
پاك سۆيگۈنى قىلغانچە ھاپاش.
ئايال،
كۆك نۇر بولۇپ چۈشكەن زېمىنغا،
ھەر كۈلكىسى
ۋە ئازابلىرى
نۇر بولۇپ سىڭەر تۇپراققا.
كۆكنى سۆيگەن قۇتۇپلار ...
ئايال بىلەن نۇرلىنار جاھان،
ئايال بىلەن گۈزەل چەكسىزلىك،
ۋۇجۇدلارغا ئاقىدۇ ئوكيان.
ئايال ...
ئېھ، بۈيۈك سۆيگۈ،
يېزىلمىسىڭ گۇناھتىن پۈتتى.
ئالىقىنىڭدا ياشنايدۇ دۇنيا

راھەت نېمە؟
خۇشاللىق نېمە؟
چەككەن جاپا سۆڭەكتىن ئۆتتى ...
ئايال
زەمزەم بولۇپ قويۇلار ئۇنىسىز،
ئۆلۈۋاتقان ھەر يۈرەككە ھەم.
ئايالسىز ئۆي خۇددى بىر جاڭگال،
ئايالسىز ئەر ئىس - تۈتەككە يەم ...
ئايال!
ئېھ، پاتماس قۇياش!
چەكسىزلىككە يېيىلغان يالقۇن.
سەن
ئالەمنىڭ كۆزى — گۆھىرى،
سەن مىللەتنىڭ بەخت، قاياشى.
سەن سۆيگۈنىڭ ئەھلى ۋاپاسى.
سەندە چاقنار قۇياشتەك روشەن
جىمى ئەلنىڭ غۇرۇر، ھاياسى.
سەن ئادەمنىڭ ھەممە نېمىسى،
سەن ئالەمنىڭ ھەممە - ھەممىسى!

2003 - يىلى

# تۇغۇلغان كۈن

تۇغۇلغان كۈنۈمنى قۇتلۇقلاپ ئانا،
كېلىپسەن ئاتايىن چېكىپ رىيازەت.
«ئەرزىمەي قالارمۇ» ئالغان سوۋغام دەپ،
روھىڭنى مالىمان قىپتۇ بىتاقەت.
ئېيتقىنا ئانىجان ئۆزۈڭ كىم؟ مەن كىم؟
سەن قەلبىم تەختىدە يېگانە سۇلتان.
سەن قۇياش مىسالى، مەن ئاددىي بىر تاش،
نۇرۇڭدىن مەۋجۇتلۇق ئورنۇمنى قۇرغان.
سەن بولغاچ زېمىننى سۆيدۈم باغاشلاپ،
سەن بولغاچ تومۇردا كۆيىدۇ بىر ئوت.
سەن بولغاچ ئازابنىڭ شاھىمۇ ھەتتا،
باش ئېگىپ ئالدىمدا تىلىمەكتە قۇت.
باغرىڭدا تېپىرلاپ قويسام بىر چاغلار،
كېتەتتىڭ سۆيۈنۈپ، ئىنسابىم تىلەپ.
ئۇچراتساڭ بەتخۇينىڭ خۇلقىنى بەزەن،
«خۇدا» دەپ نالە قىپ يۇرەتتىڭ كۈنلەپ.
جان ئانا، روھىمغا سىڭگەن ئارمىنىڭ،
سەن بەرگەن ئۇگۇتلەر يانار ئالدىمدا.
بۆشۈكتە ئاڭلىغان تۇمارىس، نۇزۇك
مۇقەددەس نامىڭدەك تۇرار يادىمدا.
سەن بارخان، مەن يۇلغۇن روھىمىز تۇتاش،
سەن ئۇپۇق، مەن تۇرسام ئۇنتۇلغان ئۆتمۈش.

ياتسىراش قارا قول سوزسا ناۋادا،
نومۇسقۇ، بەك نومۇس! باش ئېلىپ يۈرۈش.
يەتمىش رەت يۈدسەممۇ مەككە يولىدا،
بىر تامچە سۈت ھەققىنى بولمايدۇ ئادا.
مەن ئۈچۈن بىدار بوپ ئۆتكۈزگەن تۈنلەر،
«باقىي»غا قەرز بولۇپ قالىدۇ يانا.
تىلىگەن سەن مېنىڭ ئادەملىكىمنى،
ئادەمدەك ياشاشقا تىرىشتىم ھەردەم.
ئىشەنگىن سەن ماڭا، ئىشەنگىن ئانا،
ئىشەنچىڭ بىلەنلا تۇرىمەن بەردەم.
ئاندىن تۇغۇلۇش بولار بىر قېتىم،
روھىمدا تۇغۇلۇپ ئۆلىمەن مىڭ رەت،
ئىزىمدىن ئوغلۇمغا قالمىسا ئۈمىد،
ئالدىڭدا گۇناھكار بولىمەن ئەبەد.
بىھاجەت «تۇغۇلغان كۈن»نى قۇتلۇقلاش،
ئالدىمدا تەمتىرەپ قىلما خىجالەت.
سەن بەرگەن ھاياتلىق تەڭداشسىز سوۋغا،
ئىزىڭدا بىر ئۆمۈر قىلاي تىلاۋەت.
مەن ئەمەس بۈگۈنكى ئەڭ ئەزىز مېھمان،
بىر قېتىم مېھمان بوپ باققىن ماڭىمۇ.
ئاستىڭغا كۆرپىنى سالاي يەتتە قات،
بالىنىڭ راھىتى يەتسۇن ساڭىمۇ.
«تۇغۇلغان كۈن» يوقتى رىسالىمىزدە،
سىغدۇردۇق، سىغدۇردى بىزنى بۇ ئادەت.
ۋاقىتنى قەدىرلەش ئۈمىد، ئىقبالچۈن،
«تۇغۇلغان كۈن»دىكى ئەڭ چوڭ ئىبادەت.

2004 - يىلى 5 - ماي

# قار لىرىكىسى

كۆك پەرىسى ئالتۇن تەختىدە،
پۇتلىرىنى ئالماپ يېقىملىق،
كىرپىكىنى جۇپلەپ تىپتىنچ،
ياتار ئىكەن پەرشىنى چۈشەپ.

بەزىدە
زىنىخلىرى تۆكۈپ تۈمەن نۇر،
مەرمەر سىياق ئادەملەر ئارا،
ماكان تۇتۇپ مۇزدەك يۈرەكنى،
يۈرەر ئىكەن جىمجىتلا تۈنەپ.

بەزىدە
تەبەسسۇمى بولۇپ گۈلدەستە
چۈشەر ئىكەن شۇنداق شەپىسىز،
هايات ئۆچۈن يانغان يۈرەككە.

بەزىدە
تىنىقلىرى بولۇپ ئاق چېچەك،
ئوغرىلىقچە ئاستا پەرىنىڭ
ئاقلىقىنى

پاكلىقىنى
ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈپ پۈتۈن
چۈشەر ئىكەن زېمىن لېۋىگە.

كۆك پەرىسى ئالتۇن تەختىدە
ئاشىقىنى چۈشەپ ئۇيقۇسىز،
ئاھ ئۇرغاندا
تەڭرىگە بېقىپ،
موھتاجلىقتىن ئەلەمدە
دەردتە...
ئوتلۇق تىنىقلار
قار گۈلى بوپ چۈشەر پەرشكە.

2004 - يىلى 31 - دېكابىر

# قويۇپ بەرگىن دوستۇم ئەركىمگە

تۈنجى قارنى سۆيۈپ، باغاشلاپ،
سۆيگۈ ئېلىپ كەلدى يېڭى يىل.
ماگما بولۇپ كۆيەر لىرىكا،
ۋىسال ئىزلەپ يۈرىدۇ ھەر دىل.

ئەسىر بوۋاي ساناپ ھارمىدى،
ھەر قەدەمنى پۈتۈپ بېتىگە.
يىل شامىلى توزۇتقان ئىزلار،
نومۇس بىلەن تىنار ئىچىگە.

ئىجاد گاھى چۆكۈپ تارىخقا،
سۈزۈپ چىقسا ئوغۇز روھىنى.
ئاڭلىغاندەك بولىمەن شۇندا،
كۆك بۆرىنىڭ ئاچچىق ئۈنىنى.

ۋاقىت نوقۇپ كۈلسە مازاقلاپ،
«ساجىيە»گە كېتىمەن ئۈنسىز.
يىغلاپ قالسا چۈشۈمدە نۈزۈك،
روھ چۆلدە ئۆلىمەن سۆزسىز.

مودا بولۇپ يالىڭاچ سۆيگۈ،
بازار تاپتى غۇرۇرسىز ناخشا.
كىچىك ئېقىن بولۇپ يېگانە،
يۈرمەكتىمەن هامان بىپەرۋا.

بوۋام تۈزگەن قەدىم كالېندار،
ئۆتكەن يىلدىن ئىزلىدى مەنا.
يېڭى يىلنىڭ گۈلگۈن چېھرىگە،
ئۈمىد بىلەن سۆيدى ئۇ يانا.

زارلانساقمۇ، شادلانساقمۇ ھەم
ئۆتەر ۋاقىت، باقماس ھېچكىمگە.
ئۈنتاي بۈگۈن ئۆتمۈشنى پۈتۈن،
قويۇپ بەرگىن دوستۇم ئەركىمگە.

2004 - يىلى

# شېئىر بولۇپ تۆكەي مۇھەببەت

ئاق قەغەزدەك ياتار يېيىلىپ،
كالېندارىدىن تۆكۈلگەن ئاق قار.
ئايىغىمدىن قالمىغاچ ئىزنا،
مۇئەمما بوپ ئاتالدىم تەكرار.

مۇھەببەت بار يۈرىكىمدە لىق،
بېرەلمىدىم ھېچكىمگە ئەمما.
كۆيۈپ تۇرغاچ روھىم يېلىنجاپ،
ئايىغىمغا يىقىلدى ساما.

دەقىقىلەر ياغار سىمىلداپ،
شېئىرىمدىكى جىمجىت دالىغا.
سۆيەي دەيمەن ئۆزۈمنى چەكسىز،
سۈكۈتلەرنى كۆمۈپ دالدىغا.

قەدەملەردە تولغىنىپ مۇڭلۇق
ياش تۆكىدۇ يېڭى يىل غەمكىن.
بىغەم كۈلكە ئۇرۇلۇپ ھەريان،
كونا يىلغا سانجىلار ئەركىن.

شېئىر بولۇپ كۆيەر كەچمىشىم،
شېئىر بولۇپ سويۇلار يوللار.
سۆيگۈ بولۇپ تۇغۇلغان شېئىر،
قۇچىقىدا ئېرىيدۇ دىللار.

«ھېچكىم» بولۇپ ئۆتكۈم يوق پەقەت،
نۇر بوپ سىڭەي تامام جانلارغا.
شېئىر بولۇپ تۆكەي مۇھەببەت،
«ئاق قار گۈلى» سالغان داغلارغا.

2006 - يىلى

# بازار

قۇياش كەلدى يەنە پەتىگە،
بازار قىزىپ كەتكەن رەستىگە...

## 1

پورەك - پورەك مەيلەنگەن ئۈجمە
سېتىلماقتا هارۋا - هارۋىدا.
قىزغىنىشىپ سوزۇلغان قوللار،
قىستىلىشار بازار ئالدىدا
زەرداپ بولغان ئۈجمىلەر غەمكىن،
تەقدىرىدىن زارلىنار ئاستا.
«ئۈجمە جەننەت مېۋىسى، بالام،
قىزغىنىش يوق ئۈنىڭدىن ئەسلا.
ئۈجمە ئۈچۈن قىزغانغان ئادەم
بەرىكىتى توزۇيدۇ پاتلا.
ئاق ئۈجمىگە سىلكىسەڭمۇ قول،
ياش تۆكەرمىش تۈيدۈرماي ئاستا.
چۈنكى، ئاقلىق ئۈنىڭ جېنىكەن،
ئاللىقنى كۆرمەسمىش راۋا»

دېگەن ئىدى مومام بىر چاغدا.
سېتىلماقتا قىزىق بازاردا،
رەڭگى ئۆچكەن مۆڭلۈق ئۆجمىلەر،
بىلمەس ئۆنىڭ ھەسرىتىن ھېچكىم،
نەپس ئۈچۈن ياغار كۆلكىلەر.

## 2

كۆندە شۆنداق قىزىيدۆ بازار،
ئازاب
شادلىق
رەزىللىك...
تىزىلىدۆ قاتار - قاتار.
نان
جان
قان
قىزغىنىشىپ خېرىدارىنى
بىر - بىرىگە بېرىدۆ ئازار.
موھتاجلىقنىڭ بازىرى ئىتتىك،
خېلى ئېسىل ئادەملەر ھەتتا
تۆيماستىنلا ئۆچرەت بولۆشۆپ،
بوغۆلۆشۆپ

ئالار تالىشىپ.
ئۈمىد بىلەن ئەقدە هامان
سالاسۇنغا يۈلەنگىنچە
تولغىنىدۇ، بولىدۇ سامان.

3

بازارلىق ئۈچۈن كەلدى بىر ئادەم،
يۈزلىرىدە چاقنار خاپىلىق.
ساتارمەنلەر جىلمىيىپ تاتلىق،
چىللىسىمۇ يېنىغا تەكرار
قىلالمىدى بىرەر سودىلىق.
ئۈچىسىنى ئاختۇردى ئۇزاق،
تاپالمىدى هېچنېمە بىراق.
بەلكىم
ئۇنتۇغاندۇ
ئايالىنىڭ تاپىلىشىنى
ئوماق ئوغلىنىڭ ئىلتىجاسىنى،
ۋە ياكى
يانچۇقى تۆشۈك بولغاچقا
چۈشۈپ قالغاندۇ تاپقان داچىنى.
بىچارە ئادەم

(بەلكىم ئەمەستۇر)
يوغان ئوراپ موخۇركىسىنى
چاپىنىنى ئاستىغا سېلىپ،
تام تۈۋىگە يۆلەندى قىيپاش،
ئاچچىق ـ ئاچچىق تاماكا ئىسى،
قاناپ كەتتى تۆكۈپ بىردىن ياش.
بازار قاينار ئۆز يولى بىلەن،
يۈرەكلەرگە ئۈزايدۇ لېۋەن.

ساتىمدى، ساتالمىدى ھېلىقى ئادەم
بەلكىم
ئۈنتۈغاچقا ھەممىنى
تاپالمىدى چوقۇم ئۆزىنى
تېنەپ قالغان مۈساپىر كەبى...

## 4

يول بويىدا ـــ بازار چېتىدە
قىزىپ كەتتى يەنە بىر بازار.
قارتا مېھرىدىن بىر توپ ئادەملەر،
توزانلاردا پىلىلداپ يانار...
ـــ ئىشىم بارتى، ئىشلەمسىز ئاكا؟

— بىرەلەيسىز نەچچە پۇل ماڭا؟
— يىگىرمە كوي بەرسەم بولارمۇ؟
— ئىشلىمەيمىز ئۇنچىلىك پۇلغا.
— سىزچۇ ئەي يىگىت رايىڭىز بارمۇ؟
— ئىشلىيەلمەيمەن ئازكەن پۇلىڭىز،
ئوينىغان ياخشى ئۇنىڭدىن قارتا.
— ...

«كورت» قىلماق بولۇپ ئۆزئارا
قىزىپ كەتتى ئويۇن بۇ جايدا.
بىغەملىكنىڭ ئالىقانلىرىدا،
بىر توپ ئەركەك ئۆلمەكتە ئاستا...
ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى ھەممە
ۋاقىت
ئۇنىسىز
خورلانغان چاغدا.
بۇ بازارنىڭ كەچمىشلىرىدە
يۇلقۇنىدۇ بىر ئاجىز سادا.
غېرىب ئۇجمىلەر،
پارە - پارە بولغان ئەقىدە
ئامالسىز خوتۇن،
قاناۋاتقان تاماكا ئىسى...
ئۆتمۈشنى ئەسلەيدۇ خىرە.

هالسىزلىنىپ مۇدۇرگەن ئۇمىد
كۆزىدىكى يېشىل نۇر بىلەن
قۇچاقلايدۇ ئۇلارنى بىرە.
تېنەپ قالغان سەرسان ئازابىنىڭ
ھەسرىتىگە سالغانچە گىرە.
سۇكۇتلەرنىڭ دولقۇنلىرىدا
كېلىشمەكتە
ئادەملەر گۇرە.
بازار يانار يۈرەكلەردە دۆۋە - دۆۋە...

2005 - يىلى

# باللىق

باللىقىم
بۇ ئالەمنىڭ گۈزەللىكىنى
سىزىپ قويدى سۈكۈتلىرىم بېتىگە ...

## 1

باللىق
سۆيگەن
سۆيۈلگەن
پايانسىز بىر چۈش ...
«پىچان توپ»تا كۆلەتتى ئارمان،
«مېنىڭ شەرىم» قۇرۇلغان پات - پات،
تال چىۋىققا مىنگەن «باھادىر»
كۆمۈلەتتى ئالقىشقا قات - قات.
قويۇلمايتتى بىزسىز كىنومۇ،
شۇڭا قىيقاس - چۇقانلار بىلەن
«يېڭى جەڭچى ماچاڭ» بولۇشۇپ،
«ئانارخان»نى تىنماي قوغلۇشۇپ،
«ئاق چاچ قىز»نىڭ چېچىنى تاراپ،

كىرىشەتتۇق مەھەللىدىكى،
ئەڭ سۆيۈملۈك ماكان ــــ كۇلۇبقا.
قايتارىمىزدا
قوغلىشاتتۇق تىنىمسىز،
يۇلتۇز بىلەن
بەسلىشىپ ھارماي.
كىرگۈمىز ھېچ كەلمەيتتى ئۆيگە،
ئاي تىكلەشكەن ئاشۇ مەھەلدە
قېنىشمايتتۇق
بىر - بىرىمىزگە.
چاقىرىلساق ئۆيلىرىمىزگە،
مۆكۈشەتتۇق پاقلار بىلەن
سەيلىكىمىزگە،
چۈشلىرىمىزگە...

## 2

چاچار ئىدى ئىللىق ھىدىنى
مەھەللىدىكى جىگدىلىك باغلار.
قوي باقاتتۇق،
ئۆي تۇتاتتۇق،
پەتىلەيتتۇق ھەتتا توي تارتىپ.
ئالتۇن چېچەك ئىپسىمدە مەڭگۈ،
قويغان ئىدىڭ چېچىمغا قىسىپ.

كىملەردۇ ئۆي سالماق بولۇشۇپ،
كېسۈەتتى جىگدىنى تامام.
تومۇرۇمنى كەسكەندەك گويا،
سەبىيلىكىم ئۆكسۈدى شۇ چاغ،
شۇندىن پۈتمەي كەلمەكتە يارام.

## 3

مەن سۆيەتتىم بارخانلىرىمنى
روھىمىزدا كۆيەتتى قۇملۇق.
دومىلايتتۇق،
يۈگۈرۈيتتۇق
ئېگىزدىن پەسكە.
بەسلىشەتتۇق،
ئېلىشاتتۇق
قوپالمىغۇچە،
«ئولىمپىك»نىڭ كەسكىنلىكىمۇ
يەتمەس ئىدى
ئىرادىمىزگە.
پۈتلىمايتتۇق بىر - بىرىمىزنى،
بىلىشەتتۇق يۈرىكىمىزنى.
كىچىككىنە شاھلىقىمىزغا
سايلىۋالار ئىدۇق شاھ قىلىپ،

ئىناقلىقنى.
سەمىمىيەت بولاتتى ۋەزىر،
ھالاللىق بولغان ئىدى غەزىنچى.
پاراسەت،
بىلىم،
كۆيۈم
ئورۇن ئالغان ئالتۇن كۇرسىتىن.
ھەسەت بىلەن نەپسانىيەتلەر،
كۆيدۈرۈلەتتى،
كۆمۈلەتتى
يەتتە قات يەر ئاستىغا.
يۇلغۇنلارغا كۆيەتتۇق بەكمۇ،
ھەيران ئىدۇق ئۇنىڭ روھىغا،
پاتمىچۇقتەك
قۇملارغا سىڭگەن،
چۆچىكىمىز بىلەن قوشۇلۇپ،
سىڭىپ كەتكەن ئىدۇق باغرىغا.
قۇياشمۇ بەزەن
چۇشۇۋالاتتى قۇچىقىمىزغا.
كۆيۈشەتتۇق زور ئوت شار بولۇپ،
بارخان
يۇلغۇن
ۋە بىز
سىڭىشەتتۇق بىر - بىرىمىزگە،

ئېقىشاتتۇق تومۇرىمىزغا.
زېمىن ئانا مەستلىكى كېلىپ
سىقىم ـ سىقىم كەمپۈتلىرىنى
تۇتقۇزاتتى قوللىرىمىزغا.

4

چۈشلىرىمگە كىرىدۇ پات ـ پات،
كەپسىزلىكىم
سەبىيلىكىم
تويۇنغان دۇنيا.
بېرەلمىدىم ئوغۇللىرىمغا
قوي بېقىشقان
جىگدىلىك باغنى،
«مېنىڭ شەرىم» ئوينىغان جاينى.
يالقۇنىدا كۆيگەن قۇياشنىڭ
بارخان بىلەن يۇلغۇن باغرىنى.
قىسىلىدۇ ئۈمىد ۋە ئىقبال
مۇزدەك سوغۇق
تاش ئورمان ئارا.
قورقۇپ تۇرغاچ ئۆز ئۆيىدىنمۇ،
يۈرىكىم بەك بولىدۇ يارا.

سەھەرادىكى
سۆيۈملۈك مەلەم
تۇيۇلماقتا
ئەزىز، تۇتىيا.
مەن سۆيۈلگەن ماكان ئۇ ئەبەد!

مەن ھەم سۆيگەن
مۇقەددەس ئانا!

5

بالىلىق،
گۈزەل ئۆتمۈش.
سۆيۈملۈك بۈگۈن،
پارلاق كېلىچەك
تۇتىشىدۇ كۆيۈك بىر ھېستا،
ئەڭ مۇقەددەس نۇر تۇچكىسىدا.
بالىلىق
نۇر تۇچكىسى بولۇپ،
ئېقىپ كىرەر دۇنيا كۆكسىگە،
سىڭىپ كېتەر ئۆز - ئۆزىگە.

2005 - يىلى

# سايرام

گۈزەل سايرام
قۇچىقىڭنى كەڭ ئېچىپ
باغاشلىدىڭ تۇن پەرىسىنى.
دولقۇنلىرىڭ ئۇھسىنىپ مۇڭلۇق،
يۇلتۇزلارنى چىللاپ قويىنغا،
ئىلهام قىزى بولۇپ بىر نەپەس
كۆزى بىلەن،
جىلۋىسى بىلەن،
تۇپتۇز تارالغان چاچلىرى بىلەن،
تۆكۈپ بەردى ھەسرەتلىرىنى.
مەن تۇرىمەن باغرىڭدا ئىللىق،
ئالىقىنىمدا ئوتلۇق يۈرەك بار.
تومۇرۇمدا ئاقسىمۇ تارىخ،
تىلىم لال بولۇپ،
ئەقلىم گال بولۇپ،
تەمترەيمەن تاپالماي قىلىق.
بۆرە كۆزى بولۇپ ئۆتكۈر نۇر
ئۆتۈشمەكتە يېنىمدىن قاتار.
گۈركىرەشتىن سىلكىنىپ دىلىڭ،
ئېھتىمال سەنمۇ
ئازابلارنى يۇتقانسەن تەكرار.

مەن سۆيىمەن ئۇپقۇنلىرىڭنى،
سېنى سۆيگەن ئۇپۇقلىرىڭنى،
قاراۋۇل بوپ جىمجىتلىقىڭغا،
غۇرۇرۇڭنى قوغدىغان،
تومۇرۇڭنى ئۇلىغان،
خاسىيەتلىك دۇئاسى بىلەن
جايىنامازدا تۇرغان ئانىدەك،
بەردەم تۇرغان تاغلىرىڭنى.
سۆيۈملۈك سايرام،
سەن تۇرىسەن تىلسىمىڭ ئىچرە،
مەن يۈرىمەن ئۆزۈمنى ئىزدەپ.
قوشۇلغۇم بار بېلىقلىرىڭغا،
سىڭىپ كېتەي تىنىقلىرىڭغا
«ئۆزۈم» نەدە بەرسەڭچۇ سۆزلەپ.
بەرگىن ماڭا جىمجىتلىقىڭنى
دولقۇنىڭدا ياتاي تىپتىنچ،
كۆرسەتمىگىن ئۆزگىلەرگە ھەم
قىنىۋالاي باغرىڭغا يېنىش.
نېسىپ بولماس ماڭا ئېھتىمال،
سەن ھەدىيە قىلغان جىمجىتلىق،
تارتىۋالار تۇمەن چەمبىرەك.
ئەندىشىلىك سوئال،
ئاچچىق تاپا،
سۆيۈملۈك پىغان ...
قايتالماستىن جىمجىتلىقىمغا
قان يۇتارمەن مىليون قېتىملىق.

ئىزسىز،
نىشانسىز
كېتىپ قالسام بىر كۈن ناۋادا،
بىلىندۈ جىمى يېرىملىق.
قىستاپ كېلەر ۋاقىت تىنىمسىز،
يۈرىكىمگە سېلىپ مىڭ پىراق.
تېرەنلىكىڭ سىڭدى روھىمغا،
قىيالماستىن تولغاندىم ئۇزاق،
كىرىپ كېتەي كىگىز ئۆيۈڭگە،
تۇۋىشىڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ،
چۈشلىرىمىز كەتسۇن سىڭىشىپ.
تېرەنلىكىڭ ئاقسا روھىمدا
شېرىن ئازاب كېتەر تاراملاپ.
ئېھتىمال
سەن قالدۇرغان گۈزەل ئەسلىمە
ئىزلىرىمنى ئالار قاماللاپ.
كېلەر بەلكىم ئوغلۇم بىركۈنى
شېئىر بولۇپ بويۇڭنى ھىدلاپ.
گۈزەل سايرام ...
بىپايان ئالەم ...
كەچمىشىڭگە تىزىپ گۈلدەستە
ئەبەدىيلىك تىلەپ روھىڭغا
ئۇزىماقتا يەنە بىر ئالەم ...

2005 - يىلى ئىيۇل

# ئىلى دەريا سۆيگۈسى

## 1

مەن
ئۆگەننىڭ تارامىلىرىدىن
شاۋقۇنىڭنى ئاڭلىغان،
ئېقىنىڭدا يايرىغان،
دولقۇنلىرىڭدىن ۋىسال قىزىنى
تالاي تۈنلەر ئىزدىگەن،
ساڭا شەيدا
بىر كۆيۈك يۈرەك.
كۆردۈم بۈگۈن بويۇڭنى،
ھاياجاندىن كىشىندى يۈرەك.
يات بولمىغاچ بىر - بىرىمىزگە
مەۋج ئۇردى تومۇردا تىلەك.
شېغىللىرىڭ چىن مېھرى بىلەن
پۇتلىرىمنى سۆيدى چىڭ بېسىپ.
كۆڭلىكىمنى چىلاپ سۇيۇڭگە،
ھەمراھلىرىم ماڭغۇچە
تاكى

يايرىۋالدىم باغرىڭغا قىنىپ.
زەمزەم بىلگەچ قەترىلىرىڭنى
ئىچىۋالدىم ئوچۇمۇم بىلەن،
ۋىسالىڭدا ئوت بولۇپ يېنىپ.
خەق كۆرسە كۆرسۇن،
دېسۇن ھەر نېمە.
ئاقساڭمۇ سەن
زىلال بوپ ياكى
رەڭگىڭ سامان بوپ.
ھالال بىلىپ سۆيىمەن سېنى.
ھالال بىلىپ يۇتىمەن سېنى.

## 2

ئىلى دەرياسى
ئۇلۇغ ئېقىنسەن.
يۈرىكىڭدە ئۆچمەس ئوت بولۇپ،
يالقۇنلايدۇ ئۇلۇغ بىر مەشئەل.
كۆزلىرىڭگە بېرىپ يېشىل نۇر،
ئوتتۇڭدا كۆيۈپ،
سۆيۈڭدە ئېقىپ،
ئوت يۈرەكلىرىڭ
سېنىڭ ئۈچۈن قىلماقتا ئەمەل.

مەن ئىزدىدىم ساھىللىرىڭدىن
ئەلا نۇرنىڭ ئىللىق ھىدىنى،
سادىر مىنگەن ھارماس تۇلپارنىڭ
غۇرۇر بىلەن چاپچىغاندىكى
تۇياق ئىزىنى.
ئەرك ئۈچۈن كېچىپ ھەممىدىن
ھايا ئۈچۈن جان بەرگەن،
سۆيۈملۈك نۇزۇك
بارمىكىن دەپ
قومۇشلۇقۇڭدا
توۋلاپ چىقتىم ئىسمىنى.
ئەي، بۈيۈك دەريا،
ئانا دەريا ...
كۆرسەت نۇزۇكنى!
قايان كەتتىڭ
نۇزۇكئاي؟
يېنىپ چىققىن قومۇشتىن،
يېنىپ چىققىن دەريادىن،
جامالىڭغا بىر قاناي ...
روھىڭ ئاقتى تومۇردا
سۇرتۇپ قوياي يېشىڭنى،
سۆيۈۋالاي ئىزىڭنى!
نىدا قىلغانچە

ئۇپۇقلارغا تىكىپ كۆزۈمنى.
ئايىغىغا چۆكتۈم ئۇلارنىڭ،
ھۆرمەت ئىچرە ئەگدىم بېشىمنى.
بىر توپ ئوغۇل - قىز
قول تۇتۇشۇپ كەلدى ساھىلغا.
قۇچىقىدىكى گۈلدەستىلەردىن
تونۇۋالدىم ئۇلارنى،
تونۇۋالدى ئۇلارمۇ مېنى ...
ئېتىكىمگە توشقۇزۇپ شادلىق،
يۈرىكىمگە تىزىپ گۈلدەستە.
يۈرىقىدا چېچەكلىرىنىڭ
سۈرتۈپ قويدى سەلدەك يېشىمنى.

3

ئاي تولۇشقا باشلىغان ئاخشام،
دەريا نازۇك قوللىرى بىلەن
باغاشلىدى ئەركىمنى مەھكەم.
كۆلكە خۇمار غۇلجا ياشلىرى،
پەتنۇسلاردا كۆتۈرۈپ چاقچاق،
قىستاپ كېلەر قەدەممۇقەدەم.
شوخ كۈلكىلەر ئاراشلىرىدىن
مۇھەببەتلىك كۆزلىرىدە

قاراپ قويار ماڭا دەمموْدەم.
ئاكاردىيون چالغان يىگىتنىڭ
چىكىسىدىن قوْيوْلسموْ تەر،
چىرماشقانچە كوْيىگە مەزموْت،
يوْرەكلەرگە چىچىۋەتتى زەر.
مەن
ساڭا كوّيگەن يوْرەكنى ئېلىپ،
ساھىلىڭغا كەلدىم ئاستىلا.
توۋا!
كوْموْش چاتقا ئېسىپ چىچىڭغا،
نازلىق توْرغان يېڭى كېلىنگە
ئوخشاپ قاپسەن شوْ تاپ راستىنلا،
ئەسىر بولوْپ لاتاپىتىڭگە
توْروْپ قالدىم ئېگىز قاشتىلا.
نوْر دەرياسى
نوْر ئاققان دەريا
سوْكوْتلىرىمگە يېپىشىپ،
ئارمانلارغا مىنگىشىپ،
ئوْزايسەن تىنماي،
ساڭا ئىنتىزار،
سەن ئىنتىزار
گوْزەل مەنزىلگە.
«كوّچ - كوّچ» بىلەن سەرسان بولغاننىڭ

لەختە ـ لەختە دەردلىك قەلبىگە.
ئىشىكىمنى چەكمەكتە ۋاقىت،
تۇرىمەن ئۇنسىز
ھىجران قارار خىجىل كۆزىدە.
ئەپسۇس،
چۆمۈلەلمەي سۈيۈڭگە ئۇزاق،
كېتەر بولدۇم
سېنىڭدىن يىراق.
خوش دېيىشكە بارماس ھېچ تىلىم،
قىينىماقتا دىلىمنى پىراق.
نۇر دەرياسى،
غۇرۇر دەرياسى!
تومۇرىمىز كەتسۇن تۇتىشىپ،
لەۋلىرىمىز ئالسۇن قېنىشىپ.
كېتەرىمدە، ئاخىرقى ئاخشام،
سەن ھەدىيە قىلغان ئاق بەلباغ،
قەدىردان ئانامنىڭ ئاق رومىلىدەك،
يادلىنىپ بارىدۇ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ...

2005 ـ يىلى

## كۆسەن

بىر ئۇلۇغ كۆي يانار باغرىڭدا،
كۆيگە ئاشىق قانار باغرىڭدا،
كۆي بىلمىگەن چانار باغرىڭدا،
ھەتتا سەندىن تانار باغرىڭدا.

مەنمۇ سېنىڭ كۆيۈڭگە ئاشىق،
سەن ئۆچۈنلا نۇر تۆكەر ياشىق،
سېنى كۆيلەپ تاغمۇ تاش ناتىق،
ساڭا قانماي ياشار باغرىڭدا.

تارىخىڭ بار مىڭ ـ مىڭ ئەسىرلىك،
كەچمىشىڭ بار گۈزەل، تەسىرلىك،
بايلىقىڭ بار مىليون قەسىرلىك،
غۇرۇر سەلدەك تاشار باغرىڭدا.

تۇپرىقىڭدا يالتىراپ زىيا،
مۇھەببەتتە ئۆسىدۇ گىيا،
قان يۇتىدۇ ئەلەمدە رىيا،
چىن ئاشىقلار ياتار باغرىڭدا.

چوڭ ـ كىچىك كۆل مەرۋايىت بولۇپ،
ئاقباش تاغلار قۇدرەتكە تولۇپ،
چەكسىز ئورمان سۆكۈتتە تۇرۇپ،
بەخت تىلەر قاتار باغرىڭدا.

بويلىرىڭدىن تۆكۈپ خۇش ئىپار،
بارمىكىن دەپ كۆرمىگەن دىدار،
بولماي چەكسىز يۈرۈشتىن بىزار،
گۈزەل ئۆگەن ئاقار باغرىڭدا.

توغراقلىرىڭ ئۇلۇغ ئەللامە،
ئەۋلاد ئۈچۈن پۈتەر يادنامە،
بارخان قىسسە سۆزلەپ مەردانە،
ئۆز ـ ئۆزىنى تاپار باغرىڭدا.

مۇقەددەسسەن، ئەي ئۇلۇغ ئانا،
تىلىم ئاجىز كۈيلەشكە يانا،
سۆيمەسلىككە يوقتۇر ھېچ بانا،
روھىم قۇۋۋەت تاپار باغرىڭدا.

2005 ـ يىلى ئاۋغۇست

# كۈسەن قىزى

كۈسەن قىزى
يۈلتۈز گۈللۈك كۆڭلىكىن كىيىپ،
ئېتىكىگە قۇياشنى سېلىپ،
تال سۆگەتتىن ياساپ ئۆرۈمە چاچ،
كېزىپ يۈرەر زېمىن باغرىدا،
باھاردىكى چۈشتەك يېقىملىق.
قوللىرىدا سائەتنىڭ تىلى
چېكىلدايدۇ مۇڭلۇق، رېتىملىق،
تۇشلىرىغا مۆكۈپ بىر قىزچاق
چوڭ بوپ قالدى بىردىنلا ئوماق.
تۈيغۇلىرى يالترار گۈزەل،
قەلبى پۈتمەس بىر مارجانبۇلاق.
مىغىلدايدۇ دۇنيا كۆزىدە،
زىنىقىدا چاقنايدۇ ئارمان.
تونۇمىغاچ باشقىلار ئۇنى
تونۇمىغاچ ئۇمۇ باشقىنى
ئەلەم بىلەن چېكىدۇ پىغان.
ساھىلىدا سۈكۈتلىرىنىڭ
گۈرۈلدەپ كۆيمەكتە، كۆيىدۇ ھامان،
يەتتە قىتئەنىڭ چەكسىزلىكى

تومۇرىدا يولقۇنۇپ
ئۇخلاپ قالار بىردەم ـ بىردەم.
چۈشلىرىدە قۇرۇپ دۇنيانى ،
بۇلۇتلارغا سىزىپ كۆك كەپتەر
كۈيچى بولۇپ ئۈنلەيدۇ ھەردەم.
سانسىز رەڭلەر قايناملىرىدا
رەڭسىز بولماق بولۇپ بىر نەپەس
ئۆز ـ ئۆزىگە بېرىدۇ قەسەم.

كۈسەن قىزى
قۇچىقىدۇر بۈركۈت ئۇۋىسى.
بار قەلبىدە سائادەتلىك يول،
يېتىلەر ئۇنى كۆرۈنمەس بىر قول.

ئۆگەن بويىدا
قەدىم توغراق ئاستىدا بىر كۈي،
يۈرىكىنى تىلغانچە ئاستا
دولقۇنلارنىڭ ئىزگۈلىرىدىن
ئاھاڭ يېزىپ تۇرغان قىزچاقنىڭ
ئېتىكىگە يىقىلدى يانا.
زەر قۇياش،
بۈركۈت ئۇۋىسى
قەدىمي كۈي

بىر ئېتەك ئالەم
تۇغۇمىنى كۆتۈپ ئازابلىق
چاقنىماقتا مۇھەببەت ئىچرە.
چاقنىماقتا يۈرەكلەر ئارا.
كىيىمسىز تەن، كىيىمسىز گەپلەر،
كەچ كۆزدىكى قارا يامغۇردا
تاپالماستىن ئۆز سىيماسىنى
مۇڭلانغانچە مۆكەر دالدىغا.
ھەسەن - ھۈسەن تۆككەندە زىيا،
«چوغلۇق» بولۇپ چوغدەك قىزىرىپ
ئۆز - ئۆزىگە باقىدۇ قىيا.
مۇشەققەتتە ئېچىلغان چوغلۇق
كۈسەن قىزى بولۇپ نۇرلىنىپ
كېلىۋالدى ئەسلىگە قايتا.

كۈسەن قىزى
مەغرۇر تۇرار كۈنۈپكىنىڭ ئالدىدا
شەپەق سۆيگەن تال - تال «ئۆرۈمە چاچ»
بەخت رەڭلىك رومال ئىچىدە،
ئارمىنىغا بولماقتا پىدا.
ئۇ
كىچىككىنە بىر ئارال
يۈرىكىدە ماگما قايىنىغان.

ئۇ
ساماۋى يول
كۆك نۇر بولۇپ كۆكتىن تامغان.
ئۇ نۇر قىزى
ساماۋى كۆك نۇر.

2005 - يىلى

# سۆيۈنىمەن ئايالىقىمدىن

ھەۋۋانىڭ ئىزى بولۇپ ياشايمەن ئۇزاق،
جاھاننىڭ كۆزى بولۇپ قارايمەن يىراق،
ئەنبەر ھەم رەيھان بولۇپ چاچايمەن پۇراق،
ئايالمەن، سۆيۈنىمەن ئايالىقىمدىن.

ئانىمەن ھاياتلىقنى تەۋەللۇت قىلغان،
مېھرىمدە شۇم قىسمەتنىڭ قەھرىنى يۇغان،
سەۋرىمدە توپانغىمۇ سالىمەن تۇغان،
ئايالمەن، سۆيۈنىمەن ئايالىقىمدىن.

يىقىلسام ماغدۇر قۇرۇپ ئېتىز بېشىدا
ۋە ياكى مۇنبەر ھەم زاۋۇت سېخىدا،
كۆيىمەن شۇندىمۇ پەرزەنت ئىشقىدا،
ئايالمەن، سۆيۈنىمەن ئايالىقىمدىن.

دەرىيادەك قەلبىمنى چۇشەنمىسە ئەر،
«ئارمىنىڭ قانداقتى» دېمىسە ھېچ يەر،
تۇرسىمۇ پايخان بوپ ئاققۇزغان قان ـ تەر،
ئايالمەن، سۆيۈنىمەن ئايالىقىمدىن.

نەپرەتلىك قاراقلاردىن ئۈچسىمۇ سوغ نۇر،
كىيسەممۇ ھەسرەتتىن كىيىم تۇمەن قۇر،
روھىمدا ھېكمەتلەر چاقنار بولۇپ نۇر،
ئايالمەن، سۆيۈنىمەن ئايالىقىمدىن.

دەشتمەن، ۋۇجۇدۇمدا كۆيىدۇ بارخان،
قۇياشمەن، زېمىن قىزغا مۇھەببەت قويغان،
ئوكيانمەن، تومۇرۇمدا جىمى جان ئاققان،
ئايالمەن، سۆيۈنىمەن ئايالىقىمدىن.

مېنىڭسىز دىل خانىلار قالار مۇڭسىراپ،
مېنىڭسىز باھار غەمكىن چېكەر ئىزتىراپ،
مېنىڭسىز قۇتۇپلارمۇ قالار سۇسىراپ،
ئايالمەن، سۆيۈنىمەن ئايالىقىمدىن.

مەيلى سەن ئەيىبلە، تىللا شەيتان دەپ،
ۋە مەيلى مەن ئۇچۇن ئۆتكىن ئارمان يەپ،
مەن دەيمەن: «غۇرۇرۇم ھەممىگە سەۋەب»،
ئايالمەن، سۆيۈنىمەن ئايالىقىمدىن.

2006 ـ يىلى مارت

# سىنتەبىر كۈيى

جىمجىتلىق تۈنىگەن تۈنىنىڭ باغرىدا،
يېپىلدى نومۇستىن قىزارغان ئۆتمۈش.
ھىلال ئاي سۆيگەندە دەردلىك يۈرەكنى،
تۆكۈلدى تۇپراققا قان يۇتقان ئۆتمۈش.
مەن ئىدىم مەرىپەت ئىشقىدا كۆيگەن،
ئارمىنىم دەشتىنى بىھېساب كەزگەن.
رەيھانزار بېغىمدىن تىزىپ گۈلدەستە،
چاڭقىغان دىللارغا ھاياتلىق بەرگەن.
ئۆتمۈشنى بۈگۈنگە ئۇلىدىم ئۈنسىز،
قاغجىراق مەڭگۈلۈك ياتار ئالدىمدا.
يازسىمۇ بەزىلەر تارىخنى تەكرار،
دىلبەرنى ئەڭ تېرەن تۇتتۇم يادىمدا.
ئاھ بۈگۈن پايخان بوپ بارار سۆزۈكلۈك،
پۇل بىلەن ئۆلچىنەر ئادەم قىممىتى،
«ئۇستاز» ھەم «شاگىرت»نىڭ ئارىسى بىر ھاڭ،
مۇڭلىنىپ ياتىدۇ باغۋەن ھىممىتى.
دىكتور قىز ئۇستازىنى كۈيلەپ بىر نەپەس،
ئوقۇدى تەشتەكتە چوڭ بولغان شېئىر.
«مەتبە»مۇ بىرقانچە ئىستونغا چىداپ،
مىنېرال سۇيىدىن بەردى بىر ھېجىر.

شۈكرىكىم تەشۋىشكە تولغان چېھرىلەر،
ئۆتۈۋانىنى، خىزمەتنى ئۆتتۈدى دەقىق.
نېمە ھال بىلمىدىم، سېنتەبىرمىكىن،
«شام روھى» رىۋايەت سۆزلىدى تەھقىق.
تا ئەزەل مۇئەللىم كۆرمىگەن خوۋلۇق،
روھىدا زەررىچە بولمىغاچ قوۋلۇق.
زەر توندىن ئۈستىباش كىيەلمىسىمۇ،
ئاۋامنىڭ رەھمىتى بولالتى تويلۇق.
بۈگۈنكى روھىيەت قۇم پىرامىدا،
ئۇنىڭدا كۆيىدۇ بىر ئۇلۇغ دېڭىز.
ئون قۇياش قەلبىگە سىغقان مۇئەللىم،
پىنھاندا ياش تۆكەر ئاستىدا ئېڭىز.
بەزىلەر ۋاقىتنى قوغلىشىپ سەرسان،
بەزىلەر ئۆتتۈغان «ھايات»نى تامام.
ۋايىم يەپ كىرپىكنى تىرەپ سۈبھىگە،
ئۇخلىماي چىقىدۇ مۇئەللىم ئانام.
رېستوران، ئارامگاھ بولغاچ باشپاناھ ،
بەزلىدى ئۆزىنى ئاتا - ئانىلار.
يۈز ئۆرۈپ ۋاقىتسىز سەبىيلىكتىن
ئېقىمغا شۇڭغۇدى ئوماق بالىلار.
«مۇئەللىم ئالامدۇ بىكار مائاشنى
ئۆگەتمەي ھەممىنى كىچىك بالىغا».
بەزىلەر شۇنداق دەپ قارىغاچ ھازىر،

يۇرەكلەر لىق تولدى پۈتمەس يارىغا.
دېدى ئاي: «مۇئەللىم جاپاكەش ئىنسان،
جىمىكى ھەسرىتىنىڭ بىر ماگا ئايان.
ئىچىڭگە لىق تولۇپ كەتكەندە ئەلەم،
نۇرۇمغا سىڭىپ كەت بارما ھېچ قايان».
چولپان ھەم دېدىكى: «مەنمۇ بىر مۇڭداش،
ھەر دەستە نۇرۇمدا ئەجرىڭ جۇلاسى،
كەل، ئۇنتۇ ھەممىنى تۇتىشايلى قول،
ئەڭ ئۇلۇغ سەن ئۈچۈن ھەقنىڭ رىزاسى».
ياپراقلار شىۋىرلاپ دېدى ئۇستازغا،
«ئاز قالدى بىزمۇ ھەم بولىمىز پايخان.
ئۇنتۇلۇش ئازابى ئېغىر، بەك ئېغىر،
يادىڭدىن چىقمىسۇن تەۋپىق ھەم ئايخان.
تاش ئورمان ئىچىدە مۇڭلۇق تىلاۋەت،
رەيھانزار باغلارغا قويۇلار ئۈنسىز.
ئۈمىد ھەم ئىقبالنىڭ يۇمران ئاۋازى،
بىركۈنى يېشىل نۇر كۈلىدۇ سۆزسىز.
ئۆكسۈشلەر باغرىدا يېتىلگەن بىر جان،
لالەرەڭ ئازابقا يىقىلدى قىيپاش.
سۇبھىگە مەڭزىنى يېقىپ گۈل زېمىن،
يۇرەكنى يۇرەككە باغلىدى تۇتاش.»

2004 - يىلى

# ئانامغا

قۇياش بولۇپ مېھرىڭنى تۆكۈپ،
زېمىن بولۇپ ئازابنى يۇتۇپ.
«بىر سەن ئۈچۈن ياشايمەن» دېدىڭ،
ئىستىقبالىڭ گۈلىنى كۈتۈپ.

ئەجرىڭ تاغدۇر، بېغىم تاردۇر بەك،
ھەر كۈرەشتە بولالمىدىم يەك.
چاتاشلىرىڭ بولغاچ زىيادە،
ئەۋرىشىمەن، ئۇنۇمسىز بىر تەك.

خەق قىلغاننى كېلەر دورىغۇم،
ھەم قايچاڭدىن سوئال سورىغۇم،
ئەپسۇس، ئۆزۈم ئەدەپلىك بولغاچ،
يوق دەپ كەلدىم ئارتۇق جورىغۇم.

كەلدى مانا بالام دەرد تۆكۈپ،
نارازى بوپ ئالدىمغا ئۆتۈپ.
«تارتىۋالدى باللا نېنىمنى،
قوللىرىمنى چىڭ قايرىپ، پۈكۈپ.»

نېمە دەيتتىم ئوماق ئوغلۇمغا،
خاتالىقنى ئالاي بويىنۇمغا،
يېنىپ كەتسۇن قايچىنىڭ بىسى،
ھەق گەپ قىلاي نادان قولۇمغا.

رەنجىمىگىن ئانا سۆزۈمدىن،
مېھنىتىڭگە رەھمەت دىلىمدىن.
چەك قويمايلى چاپسۇن تايچىقىم،
ئەقىل تاپسۇن دەردلىك كۆزۈمدىن.

2002 - يىلى

# سەھرادىكى يېگانە ئانا

تام تۇۋىدە بىر غېرىب موماي،
ئولتۇرىدۇ كۆزلىرىدە ياش.
ئاسلانچاققا تۆكەر دەردىنى،
ھار كەلگەندەك يېگانە ياشاش.

قىيسىق كەپە تۇرار مۇڭلىنىپ،
ئالتۇن قۇياش مۆكۈندى نېكەم.
دەيدۇ موماي ئېغىر ئۇھسىنىپ:
«ئامانەتنى ئەكەتكىن ئىگەم».

تەۋرىتىدۇ بەزەن بۆشۈكنى،
قۇرۇق بۆشۈك ئاڭا تەسەللى.
بىر ئاللاھقا بولار نامايان
ياشاشتىكى مۇقەددەس سىرى.

«جىگەرلىرىم سىغىنىمدىڭمۇ؟
سەھرادىكى يالغۇز ئاناڭنى.
نەۋرەم ئۈچۈن راسلىدىم تەكرار،
سەن ئۇنتۇغان بۆشۈك تاناڭنى.»

كۆلى كۆچكەن ئوچاق بېشىدا،
قاتقان ئۆماچ تۇرار تېخىچە.
ئاپئاق لېچەك ئىچىدە موماي،
پىچىرلايدۇ «ئاھ» دەپ ئۆزىچە.

تام تۈۋىدە بىر غېرىب موماي،
ئولتۇرىدۇ كۆزلىرىدە ياش.
تەلمۈرىدۇ بېقىپ ھەر تامان،
لەۋلىرىدە قاتقان پىچىرلاش.

1998 - يىلى

# باللار

باللىق ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل دەۋرى،
باش ئېگەر ئۇنىڭغا ھەر ئىنسان قەۋمى،
خۇش پۇراق گۈلدۇر ئۇ، ھۇزۇرنىڭ بەرى،
قەدىرلە ئۇ گۈلنى ئۇماق باللار.

چېھرىڭدە تۇزۇيدۇ مۇڭلۇق بىر ئىستەك،
تېپىرلاپ ئاھ ئۇرار بوغۇلغان يۈرەك،
ئۆزۈڭنى قارغايسەن بولالماي زېرەك،
تاشلىۋەت غېمىڭنى ئۇماق باللار.

تۇگىمەس ئاتاڭنىڭ دەردى - ھەسرىتى،
تىنماس ھەم ئاناڭنىڭ قولى ھەرىكىتى،
بىلسەڭ سەن ئۇلارنىڭ قۇتى - بەرىكىتى،
سۈرتۇۋەت يېشىڭنى ئۇماق باللار.

ياتلاشتى سېنىڭدىن مۆكۈ - مۆكۈلەڭ،
«پىچان توپ»، «تەپكۈچ» يوق مۇڭلاندى مەلەڭ،
«شەرىم»نى ئويناشقا رۇخسەت يوق ئەتتەڭ،
«ئەدەپ»چۈن «ئەدەپ»تىن كەچتىڭ باللار.

ئىلىمنى سۆي دىلدىن، چەكمە ئىزتىراپ،
روھىڭنى يات ئىللەت ئالمىسۇن چىرماپ،
ئەجدادلار ئىزىنى قېدىرغىن سوراپ،
ئۇنتۇشقا چۆكمىسۇن كۆزۈڭ بالىلار.

مودىنىڭ «مودىسى» ئۇچاقىدا ھەر كۈن،
«خىيالىي جەننەت»تە ياشايسەن كۈن - تۈن،
«كىم سەن؟» دەپ سورىسام قىلالمايسەن ئۈن،
ئۆزۈڭنى تېپىۋال ئەركە بالىلار.

چېكىملىك ئوغرىلاپ پۈكتى قەددىڭنى،
ئىچىملىك جىلمىيىپ ئالدى ئەقلىڭنى،
ئىزدىدىڭ سۈنئىيدىن ھامان ۋەسلىڭنى،
گۈزەللىك يۈرەكتە، ئازما بالىلار.

ئەخلاق ئۇ ئادەمگە بىھېساب بايلىق،
دورىساڭ ئۆزگىنى بولالماس ئايلىق،
چوڭ بولسا ھەر ئىنسان نومۇسلۇق، ئارلىق،
ئىقبالى خۇش چىراي كېلەر بالىلار.

ئەقلىڭگە ھۆكۈمران بولمىسۇن نەسلىك،
ياراشماس ئەزەلدىن بىزگە ھەم پەسلىك،
ئىللىق بول ھەممىگە، بولمىغىن قەستلىك،
نۇر چاچسۇن روھىڭدا ۋاپا بالىلار.

قول بەرگىن، يول بەرگىن يۆرەكلەر ئارا،
ئۇستازنىڭ يۈرىكى بولمىسۇن يارا،
ئادەم بول، ئادەمدەك ئادەمگە قارا،
بالىلىق پاكلىق ھەم ئاقلىق بالىلار.

2004 - يىلى

# مەن

مەن
ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلاردىكى
كۆز ياش بولۇپ تېپتىنچ ئاققان،
سىقىلىشنىڭ ئۆپقۆنلىرىدا
ئۆتمۇشكە ئىلاۋە يېزىپ،
سوئالغا
ئۇندەشكە
ئورىلىپ مەھكەم،
قاپىيە
تۇراقنىڭ پەنجىرىسىدىن
ساختا تەبەسسۇمنىڭ بوز رەڭ تورقىغا
كۆز نۇرۇمنى
تاۋۇشۇمنى
تېگىشكەن پىراق.
مەن ...

2001 - يىلى

# ئۆتسەم دەيمەن سەن بىلەن قاتار

يۈرىكىمنى سىقىپ ۋاقىتنىڭ،
چىغىر يولدا بولدۇق ئېگىز - پەس.
تېلىقتۇرۇپ سىدام غايىنى،
كۆز ياش بولۇپ چۈشتۇق ھەر نەپەس.

سىردىشالماي ئۆتتۇق مىڭ ئەپسۇس،
تىلىكىمىز تۇرسىمۇ تۇتاش.
دەپ قالىمەن تەڭرىگە بەزەن،
ياراتقانسەن قانداقچە ئوخشاش.

خوش دېيىشكە بارماس ھېچ تىلىم،
ئازابلارغا يىقىلىپ تەكرار.
ئېتىقادقا تېڭىپ يۈرەكنى،
ئۆتۈش ئەھدىم سەن بىلەن قاتار.

2001 - يىلى

## سەن ۋە مەن

يامغۇر ياغقان ئاشۇ ئاخشىمى،
سېغىنىشنىڭ نازۇك قولىنى
لەۋلىرىمگە باسقانچە تەكرار،
يۈرىكىمنى قېتىپ يامغۇرغا
چېچىۋەتتىم
تاكى
بوسۇغاڭغىچە.
بەلكىم
سەزمىگىنىڭ راستتۇر شۇ دەقىق،
كۆزنىكىڭگە ئۇرۇلغۇنۇمنى.
«چىك - چىك» قىلىپ شۇرىلىغانچە،
تومۇرۇڭدا تۇغۇلغۇنۇمنى.
ساقىپ چۈشتۈم تەكچەڭگە ئاستا،
ساقىپ چۈشتۈم يۈرىكىڭگىچە.
بەلكىم
تۇپراق بولاي دېگىنىڭ راستتۇر.
ھەر قەترەمگە بولۇپ مىڭ پارە.
تەقدىر ئۈچۈن يېزىپ كىرىش سۆز
پۇشايمانغا ئوراپ سۆيگۈنى
ئاستاغىنا پېتىپ ئۆتمۈشكە

كۆل رەڭ بولۇپ قايتقىنىڭ راستتۇر.
بەلكىم ...
قىيالماستىن سەپسەتىلەرگە
ئۆزىمىزگە بولارمىز ئاسىي.

2001 - يىلى

## يۈرەك قىسسىسى

كاتاك يولدا كېلەر غىچىرلاپ،
تىلىم - تىلىم بىر تال يۈرەكنى
ئەسكى غەلۋىر ئىچىگە سېلىپ،
ئۇنتۇلغان
ئۇنتۇغان
قاغىش تەگكۈر ئېشەك هارۋىسى.
جاهىللىق بىلەن
شۇ مېڭىشىدا
قۇياشنىمۇ ۋەھىمىگە سېلىپ.
توزان سىڭگەن ئۇپۇقنىڭ چېھرى،
ئەسلىمىدىن بارماقتا ئېرىپ...

2001 - يىلى

# تېلېفون

زارىقىشنى ئېلىپ سىم يولى
يۇمشاق قۇلاق سەبىي بالىدەك
يۈرەر تىنىمسىز،
دوقمۇشلارنى دوقمۇشلارغا،
شەھەرلەرنى شەھەرلەرگە تۇتاشتۇرۇپ،
ھەر قىسمەتتىن بىھوش نېرىپلار
چۆچۈيدۇ تەكرار
«جىرىڭ» قىلغان ئاۋازدىن.
لېكىن،
كەلمەس ھېچنېمە،
كەلمەس كۈتكەن سەمىمىي تىلەك،
تېلېفون،
مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتە،
تۈنگە گۇۋاھ سەمىمىي ئايدەك
خۇشاللىقا
ئازابقا
رەزىللىككە
ياش تۆكىدۇ ئۈنسىز، تىۋىشسىز.

2001 - يىلى

# ئۈمىد

ئايئاق بۇزغۇن چاچرىتىپ دېڭىز،
قىرغاق تامان يولقۇنار ھەردەم.
نېمىگىدۇر ئىنتىلگەن قولۋاق،
دولقۇن يېرىپ ئۈزىدۇ بەردەم.
تۇمان باسقان ئۇپۇق ئۇھسىنار،
تۇزلۇق سوغا يېقىشقاندا لەۋ،
ساھىللاردا تېنىگەن گۆگۈم،
ئۈمىد ئىچرە تۇيۇلىدۇ نەۋ.
ئالقىنىمدا ئايىنىڭ شولىسى،
تومۇرۇمدا كۆۋەجەيدۇ قان.
چۈشكۈنلۈكىم ئۆتمۈشكە تالىق،
ھەقىقەتكە ئىنتىلەر بۇ جان.

1995 - يىلى

# تۇغۇلغان كۈنۈڭ

يارالمىشىڭ بەختتۇر ئەسلىي،
بەخت تىلەش ساڭا نەھاجەت.
بىر كۈندىلا ئەمەس سەن ئەزىز،
قەدىرلىكسەن ھەر دەقىق سائەت.

قۇتلۇق بولسۇن تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
مەشئەل بولغىن سۆيۈنسۇن ئېلىم.
ھەسرىتىڭدىن ئېچىلسۇن گۈللەر،
ۋەتەن ئۈچۈن تۇغۇل مىڭ قېتىم.

2003 - يىلى

# دوستۇمغا

سەرسان چۇش بوپ يۇرمىگىن تەكرار،
كەچمىشىڭدە تۇنىمىگىن ھەم.
چېچىۋەتكىن غېمىڭنى پۇتۇن،
قۇياش ساڭا يېقىلغان شۇ دەم.

كۆز ياش بولۇپ تۆكۈلسە ئۆتمۇش،
قولىرىڭنى ئۇزارتما زىنھار.
ساھىلىڭغا تۆكۈلگەندە نۇر،
ئۇمىدىمنى قىلغىن تىلتۇمار.

2002 - يىلى

# سېغىنساڭ كەل چۈشلىرىم تامان

چۈشلىرىمگە سىڭىپ كەت نىگار،
سەير ئېتەي بېغىڭدا ھەر تۈن.
دېڭىز بولسۇن كۆزلىرىڭ تېرەن،
سىردىشايلى چىقارماستىن ئۈن.

ساھىلىڭدا يۈرەي چۈمۈلۈپ،
زېمىن بىزگە سۆيگۈ تىلىسۇن.
ساداقەتتە تۇتىشايلى قول،
تەپتىمىزدىن قۇياش ئېرىسۇن.

چۈشتۇر گۈزەل، پايانسىز ئالەم،
ئۇندا باردۇر بىز قۇرغان ماكان.
كىرەلمەيدۇ بىسوراق ھېچكىم،
بىز ۋاقىتقا ئايلانغان زامان.

سېغىنساڭ كەل چۈشلىرىم تامان،
كۆيۈك دىللار كەتسۇن ياشىرىپ.
رىۋايەتكە قايتىپ ياشايلى،
لەيلى بىلەن مەجنۇن ئاتىلىپ.

2005 - يىلى

## ئۆكسۈش

تېلىقىدۇ ئېغىر خىياللار،
يىقىلغانچە تۈننىڭ باغرىغا.
دەقىقىلەر مۆڭلۈق، بەك مۆڭلۈق،
چۈشلىرىنى كۆمەر دالدىغا.

يۈلتۈزلاردەك چاقنىغان ھېسلار،
سۈكۈت بىلەن يۈيار يۈزىنى.
خورسىنىشنىڭ ئېتەكلىرىدە،
يوشۇرىدۇ ئوتلۇق كۆزىنى.

ئۈمۈچۈكلەر تور سالغان كۆزنەك،
تەنھالىقتا ئۆكسۈيدۇ پات - پات.
تېنەپ يۈرگەن گۈزەل كېچىكىش،
مەھكۇم بولار ئۆزىگە قات - قات.

2003 - يىلى

# ھاساڭ بولۇپ بارىمەن بىر كۈن

سەن قەلبىمدە تۇرىسەن پىنھان،
قاراقلىرىڭ تۆكەر مۇھەببەت.
ئىككى قىرغاق بولۇپ قالساقمۇ،
ئۆتەلەيمىز قارىشىپ ئەبەد.

دوقمۇشلاردا قالساق ئۇچرىشىپ،
تولار كۆزگە ھاياجانلىق نەم.
يولىمىزغا كېتەيلى ئۈنسىز،
رەنجىمىگىن، رەنجىمەيمەن ھەم.

خورسىنىشقا پاتقان تىنىقلار،
لەيلەپ قالار كوچىدا بەلكىم.
ئىزلىرىڭنى سۆيۈپ، سوراقلاپ،
ھەرياق كېتىپ قالىدۇ ئەركىم.

خۇشاللىقىڭ ئۈچۈن ئەي نىگار،
كېچەلەيمەن جېنىمدىن مىڭ رەت.
كېچەلمەيمەن نومۇستىن زىنھار،
يۈرىكىم كۆل بولسىمۇ ئەبەد.

هاساڭ بولۇپ بارىمەن بىر كۈن،
ئاپئاق قىروۋ چۈشكەندە باشقا.
يۈرىكىڭنى ئېلىپ قوي ياپياش،
شۇ چاغ قىسسە يازايلى تاشقا.

2005 - يىلى

# تېنەش

چۆل ـ چۆل سۇنغان ۋىسال لېۋىدە،
ياش تۆكىدۇ قاغجىراق ئىشق.
چۈشلىرىمدەك غېرىب چىغىر يول،
مومامدەكلا ياسايدۇ تىزىق.

كۆرەڭ قۇياش تۆكۈپ يېشىل نۇر،
دەقىقىنىڭ سورار كۆلىنى.
شەبنەم قونغان مىسكىن كىرپىكلەر،
گۈلىستاندا ئىزدەر ئۆزىنى.

ئىزتىراپنىڭ ئالقانلىرىدا،
تىتىلماقتا ۋىسالنىڭ گۈلى.
جىمجىتلىقنىڭ هارغىن مېھرىدە،
ئىنتىزارنىڭ يۇلقۇنار ئۈنى.

2005 ـ يىلى

# سېغىنىش كۈيى

ئىشىكىڭنى چەكتىم بۇ كېچە،
چىقالمىدىڭ يېنىمغا بىر رەت.
سېغىنىشنىڭ قاراۋۇللىرى،
تىلسىم كەبى تۇرىدۇ ئۈچرەت.

قىيان بولۇپ ئاقتى يۈرىكىم،
قاناپ تۇرغان روھىڭغا شۇ دەم.
ھالسىرىغان ئازابلىرىڭغا،
ھالسىزلىنىپ يىقىلدىم بۇ دەم.

نۇر بوپ سىڭدىڭ گۈلزارلىقىمغا،
چۈشلىرىمدە تۇغۇلدۇڭ تەكرار.
چىقالمىغاچ ئۆزۈڭدىن ئەسلا،
بولالمىدى تىلەكلەر ئەسرار.

مېھمان بولۇپ كەلسە ھەسرىتىڭ،
شاراب سۇندۇم لەۋلىرىم بىلەن.
توغراق بولۇپ ياشاردى سۆيگۈ،
بىدار بولغان دەملىرىم بىلەن.

كۆز يېشمغا چىلىنىپ پىراق،
ئىشىكىڭنى چەكتى ئاستىلا.
ئالىقىنىڭدا تۇرغان ھىلال ئاي،
كۆيۈپ كەتتى تامچە ياشتىلا.

ھارغىن كېچە، ھارغىن كۈندۈزلەر،
جىمجىت سىڭىپ كېتەر ئۆزىگە.
يوچۇقلاردىن چاقنىغان ئەينەك،
پەرىشتىنىڭ چۈشەر كۆزىگە.

شاھمات ئويناپ يۈرىدۇ بىغەم،
تەكلىماكان باغرىدا قىسمەت.
قوي ھەممىنى، ئۇنتۇ بىمالال،
سۆيگۈمىزگە بولايلى ئۈلپەت.

2005 - يىلى

# ئىزدىمگىن، كەتتىم ئۆزۈمگە

كۆك نۇر بولۇپ چۈشتۈم ئالدىڭغا،
كۆزۈڭ لال بوپ يىقىلدى قىيپاش.
غېرىب دىللار سويۇلۇپ قات - قات،
ئارمىنىمىز سۆيۈشتى چىرماش.
مەن يۇلتۇزۇڭ بولغۇنۇم راستقۇ،
سەنمۇ مېنىڭ يۇلتۇزۇم تەھقىق.
يەتتە قىتئە چۆكسىمۇ سۇغا،
ئەقىدىمىز يانىدۇ ھەقىق.
سانسىز ئەينەك چۈشۈپ روھىمغا،
يۈرىكىمنى قىسار بەك قاتتىق.
نەشتەر ئۇرۇپ تۇرسىمۇ قىسمەت،
ۋىسال قۇچۇپ چۈشەيمەن تاتلىق.
تولغىنىدۇ يىلان چۈشىدە،
يوچۇقلاردىن بىخسىغان كۆزلەر.
تۇپراقسىمان يېپىلغان تۈيغۇ،
گۈل ھەققىدە رىۋايەت سۆزلەر.
ئىزتىراپقا تۇرىدۇ دەسسەپ،
سەبىيلەرنىڭ ئۇلۇغ يۈرىكى.
ھاياتلىق دەپ تېپىرلار تەنها،
ئاپرېل سۆيگەن قارنىڭ تىلىكى.

كۆك نۇر بولۇپ سىڭدىم ھىدىڭغا،
يېڭى ئالەم قۇردۇق دەقىقە.
قىيالماستىن جەننىتىمگە ھېچ،
كېتىپ قالدىم ئۇنسىز غىپپىدە.
ئىزدىمىگىن كەتتىم ئۆزۈمگە،
سەدەپ كەبى چۆكسۇن كېچىكىش.
ئاي كۆكسىگە تىرەلگەن ئۇۋام،
تۇغۇپ بەردى تاتلىق ئېچىكىش.

2005 - يىلى

# ئەپكەش كۆتۈرگەن مۇئەللىم قىزچاق

قاتار ـ قاتار تىزىلغان تېرەكلەر،
تەزىم بىلەن ئېگىلىپ گۈلگۈن،
ياپرىقىنى
پىلدىرلىتىپ،
سايىسىنى
ئەگەشتۈرۈپ،
ئېچىرقىغان توپىلىق يولغا
تۆكۈپ بېرەر مېھرىنى پۈتۈن.
ئارمان
كۆيۈپ، يېلىنجاپ
تۇتاش ـ تۇتاش تۇرخۇنلاردىن
چىقارماقتا ئاپئاق تۈتۈن.
مەن سېغىنغان،
مېنى سېغىنغان
سۆيۈملۈك يولدا
ئويناپ كېلەر
چاچلىرىنى يەلپۈتۈپ،
يەڭسىز كۆڭلەك كىيگەن بىر قىزچاق،
ئەپكەشنى مۈرىگە سېلىپ.
قايسى رەسسام سىزغان رەسىم بۇ؟!

جىلۋە قىلىپ
يۈرىكىمنى
چىممىدە قىلىپ،
ئاق تېرەكلىكتە
كېتىپ قالدى قۇدۇق بېشىغا.
ئۈمىدتەكلا گۈزەل بىر خىيال،
مەھەللىنىڭ چېچىنى تاراپ،
چۆمۈلمەكتە تۈزلۈق يېشىغا.
سۇ تولدۇرۇپ چېلەكىگە،
ئەپكىشىنى تەۋرىتىپ يەڭگىل،
ۋۇجۇدۇمنى غىدىقلاپ شۇنداق،
قايتىپ كەلدى،
ئاھ، ئوماق،
ئەپكەش كۆتۈرگەن مۇئەللىم قىزچاق.

2005 - يىلى

# سەن بەرگەن شېئىر

ۋاقىت قايرىپ زەر پەردىسىنى،
چىللاپ قالدى يېشىل ھىجرانغا.
قىيان بولۇپ تۇرسىمۇ پىغان،
سىغىنىپ كەتتۇق يېڭى ئىراغا.

ھارغىن يوللار تۇرار ۋىلىقلاپ،
ئوت شار بولۇپ كۆيەر يۈرەكلەر.
تۇيغۇمىزدىن كېتىدۇ ئېرىپ،
شور ئۆرلىگەن ئاچ كۆز تۈتەكلەر.

ھاياجاندەك گۈزەل كەچمىشلەر،
كىرپىكلەردە تۇرار لىغىرلاپ.
ئۇيقۇسىراپ قالغان ئارمانلار،
تۇيغۇمىزدىن كەتتى شىۋىرلاپ.

قاقشال تىلەك نۇرلىنىپ بىردىن،
تۆكۈپ بەردى چەكسىز ئېتىنخار.
تومۇرلاردا ئۆركەشلەپ غۇرۇر،
ئۆكۈنۈشكە بەرمەس ئېتىبار.

تىلسىم بولۇپ قالدى ئېھتىمال،
مېھرىڭ بىلەن سۇغارغان مەنزىل،
غەيۇرلۇقۇڭ نۇر چاچار كۈندەك،
ئۆز - ئۆزۈڭنى تونۇغان مەزگىل.

شېئىر قىلىپ تۇتتۇم تىلەكنى،
ئادەم بولۇپ ئادەمدەك ياشا.
سەن قالدۇرغان گۈزەل لىرىكا،
سۈكۈتلەردەك كەلمەكتە قاتار.

2005 - يىلى

# قۇرۇتمسۇن يۇرۇكىڭنى غەم

كۆزلىرىڭدە لىغىرلايدۇ ياش،
قۇياش ساڭا باقتىمۇ تەتۈر.
تىنىقلىرىڭ سۆزلەيدۇ قىسسە،
تۆكتىمۇ كۆك ئازابلىق مۆلدۈر.

رەڭدار ئادەم، رەڭدار پەلسەپە،
باھارىڭغا ئەپ كەلدىمۇ جۇت.
ئاچچىق ھەسەت، ساختا جىلمىيىش،
قۇربانىمۇ سىنىڭدىكى قۇت.

ئادەم رەزىل، ئادەم سۆيۈملۈك،
يىغلىتىدۇ، كۈلدۈرىدۇ ھەم.
ئەرزىمەس كۆز ياشقا ھەممە،
قۇرۇتمسۇن يۇرىكىڭنى غەم.

1998 - يىلى

## ئىلھام پەرىسگە

قاچما مەندىن ئىلھام پەرىسى،
يۈرىكىمنى كۆرۈپ قال بىر رەت.
تەقدىر ماڭا ئەيلىدى چاقچاق،
ۋۇجۇدۇمنى قاپلىدى ھەسرەت.

باغلاندىغۇ تىلىم باشقىدىن،
جاراھىتىم قانىدى قەۋەت.
شارابىڭنى ئايىما بۇ دەم،
ھىممىتىڭنى كۆرسەتكىن، كۆرسەت.

قاپاق تۈرۈپ ھۇمايىما ماڭا،
ئىنتىزار يا ئەمەسمۇ سەن دەپ.
خالىي بولاي ئېغىر تىنىشتىن
ھېسلىرىڭغا قويساڭچۇ چۈمكەپ.

1994 - يىلى

# نىدايىڭدىن سىلكىنەر يۈرەك

نىدايىڭدىن سىلكىنەر يۈرەك،
نەدۇر غېمىڭ ئېيتقىنا نىگار؟
تامچىلايدۇ قەلبىڭدىن ھەسرەت،
قىلدى زارىڭ ئۇيقۇدىن بىدار.

سەزدىڭمىكىن، بەلكىم سەزمىدىڭ،
ئاتىغانمەن قەلبىمنى ساڭا.
خوشلۇقۇڭنى تارتىۋالدى كىم،
چۈشەنمىدى قاي گۈلى رەنا؟

ئۈمىدسىزلىك ئەمەس ساڭا باب،
بەرمەيدۇ ئۇ ھاياتقا مەنا.
چىن ئەقىدەڭ بولسا سۆيگۈگە،
كۈلۈپ باقار ۋىسال يەنىلا.

مۇڭلانمىغىن نىگار ئۆتۈنەي،
بەختىڭ ماڭا تەسەللى ھەردەم.
غۇرۇر بىلەن تاپقىن چىن بەخت،
ساڭا تۇمار بولسۇن ئەقىدەم.

1993 - يىلى

# مەن شۇنداقمەن سەۋدايىسمان

مەن ھاياتنى سۆيەتتىم، بىراق
ھايات ماڭا كۈلمىدى زىنھار.
ھەر دوقمۇشتا پۇتلاشتىم، ئۈستۈم،
مەۋجۇتلۇقۇم قىلىندى ئىنكار،
يېتىملىكتە بوينۇم قىسىلىپ،
ئادەملەردىن بولدۇمغۇ بىزار.

يىغلىمايمەن، كۈلەلمەيمەن ھەم،
مەن شۇنداقمەن سەۋدايىسمان.
بەخت مەندىن قاچسىمۇ بەدەر،
ئۆز يولۇمغا ماڭىمەن ھامان.
يىغلاپ كېلەر تەقدىر بىركۈنى،
قىلغىنىم ھەق، بولساملا ئامان.

1995 - يىلى

# يۈرىكىم گوياكى تۇمانلىق قىرغاق

يۈرىكىم گوياكى تۇمانلىق قىرغاق،
ئۇنىڭدا قايىنامدۇر سۆيگۈ ـ ئىشتىياق،
خىرەلىك تامامى قاپلىغان ۋادا،
ئۇنلەيدۇ بەك مۇڭلۇق، كۈلەلمەس بىراق.

يۈرىكىم گوياكى تۇمانلىق قىرغاق،
ئۇنىڭدا پىنهاندۇر بوغۇلغان پىراق.
بارمىكىن بىر تىلسىم مانانلىرىدا،
ئۇزايدۇ ئاھلىرى يىراقتىن ـ يىراق.

يۈرىكىم گوياكى تۇمانلىق قىرغاق،
ئۇنىڭدا مەۋھۇمدۇر پۇشايمان، چىرماق.
پارلايدۇ بىركۈنى قۇياش جامالى،
خۇشاللىق ئىلكىدە كۈلىدۇ قىرغاق،

1994 ـ يىلى

# كۆيۈك تۇپراق

## (داستان)

يۇلتۇزلار پەرۋاز قىلار تاڭ سەھەردە،
پەسىللەر پەرۋاز قىلار دەرەخلەردە،
بۇ شەھەر پەرۋاز قىلار چۆچەكلەردە،
بۇ يەردىكى ئادەملەر
پەرۋاز قىلار يۈرەكلىرىدە.

ئادىل تۇنىياز

چۈشلىرىمگە كۆمۈلگەن شەھەر،
ياپراق كەبى توزۇيدۇ پات - پات.
يالقۇن بولۇپ پۇچىلانغان تەن،
كۆيدۈرىدۇ يۈرەكنى قات - قات.

## مودا شەھەر

كاۋىكىدا يوغان تىرەكنىڭ
ئۇخلاپ ياتار بىر توپ ئاياللار.
چۈشلىرىنى كۆمۈپ ئۇلارنىڭ،

ئۈنسىز كېلەر ئۈچقۇر بارخانلار.
مەيىن شامال مەغرۇر كېرىلىپ،
كىرىپ كېتەر ئايال قوينىغا.
سۆيگۈ ئۈچۈن ياساپ چەمبىرەك،
ئېسىپ قويار نازۇك بوينىغا.
كەلدى ئوغۇز ئات سېلىپ بىر چاغ،
قۇم تۆكۈلگەن ئاسفالىت يولدا.
كۆرەلمىگەچ باتۇرلىرىنى،
ئىزلەپ باقتى بىر هازا توردا.
تېپىلمىدى قەيسەر ئاتىلار،
تېپىلمىدى ئۇ سۆيگەن جانان.
نەرە تارتتى، يىرتىلدى يۈرەك،
كېتىپ قالدى قۇم دېڭىز تامان.
پەلەك غەمكىن، بۇلۇتلار ياشلىق،
ياقا يىرتىپ تولغاندى زېمىن.
قۇرۇپ قالغان تارىم ھەسرەتتە،
قارا بېسىپ تاپمىدى ئەمىن.
يوغان تېرەك سۇندى قاراسلاپ،
ئەلەم قىلغاچ شامالار دائىم.
كاۋىكى ھەم كۆيدى ئۆرتىنىپ،
قىلالمىغاچ ئوغۇزغا تەزىم.
كۆيۈك ھىدى قاپلىدى تامام،
ئۆلۈك ھېسلار كەزگەن بارخانى.

تىلسىم شەھەر ناتونۇش تىلدا،
سۆرەپ يۈرەر ئېگىز داۋاننى.
سۇمبۇل چاچلار تۆكۈپ يېشىنى،
كوچا تازلاپ يۈرىدۇ مىسكىن.
ۋال - ۋۇل چىراغ ئاستىدا قوللار،
پىنهان جايغا سوزۇلار تەمكىن.
غادايغانچە رەخدار ۋېۋىسكا،
دەم تارتماقتا ھەممىنى پۈتۈن،
مۇزدەك ناخشا، مۇزدەك لىرىكا،
چىقارماقتا شادلىقتىن تۈتۈن.
قىزىلگۈلنى چىشلەپ قارلىغاچ،
سىم تانابتا ئولتۇرار مۇڭلۇق.
سېغىزخانغا باش ئېگىپ بۇلبۇل،
تارتىنماستىن بىلدۈرەر قۇللۇق
رېمۇنتخانا ئالدىدا ئەرلەر،
كېزىپ چىقار ئالەمنى تەكرار.
گۈزەللەرنى سىزىپ لېۋىگە،
تۆكۈلىدۇ جىمى سىر - ئەسرار.
مەدەنىيەت لىققىدە تولغان،
ساتىراشخانا ئاجايىپ دۇنيا،
ھوللىۋودچە ئۈستىباشلاردىن،
مەر - مەر تەنلەر چاچىدۇ شولا.
ئون بەش ياشلىق ساتىراش بالا،

تاپالمايدۇ ئۆزىنى بەزەن.
رەڭدار ئادەم، رەڭدار جىلۋىدىن،
بىلىنمەيدۇ قۇياشمۇ تېرەن.
«تېرەك تۈۋى» دېگەن چوڭ خەتلەر،
يۈرەكلەردە كۆيىدۇ ۋىل - ۋىل.
«كۆيۈك ھىدى» بىخسىغان زامان،
خىياللاردەك ياندۇ پىل - پىل.
ئولتۇرىدۇ رەستىدە بىر چال،
چېھرىدە لىق مىڭ يىللىق تارىخ.
ھاسىسىنى جۇنۇپ گاھىدا،
ياش تۆكىدۇ يۈرەكتىن قانلىق.
مەن قاتنايمەن كۈندە بۇ يولدىن،
يېتەلمەيمەن مەنزىلىمگە ھېچ.
ئۆكۈنۈشكە چىلىنىپ قىسمەت،
سىغداپ كېلەر ئادەملەردەك زىچ.

## گۈزەل كېتىك

كىچىككىنە سەھرا بازىرى،
مېھرى ئوتتەك تۇرىدۇ قايناپ.
ئىش - ئەمگەكتىن چارچىغان ھېسلار،
قىن - قىنىغا پاتمايدۇ ياىراپ.

تاپماق بولۇپ ئىزدىدىم تەكرار،
قەلبىمدىكى كىچىك بازارنى.
بىلىنمىگەچ مەن سۆيگەن پۇراق،
خالاپ قالدىم بىردىن مازارنى.

نامى ئۇلۇغ ئاتالمىسمۇ،
تۇرار ئىدى مازار يىلىنجاپ.
تارىخ ئىقىپ تومۇرلىرىدا،
ھەقىقەتنى قوياتتى سىلاپ.
قۇچاق يەتمەس ئۇلۇغ سۆگەتلەر،
توغراقلارغا تىنار شىۋىرلاپ.
روھ سەلكىنى سۆيۈشكەن دەقىق،
كەتتى ئارمان چاپچىپ - تىپىرلاپ.
خىيال قۇشۇم ئۇچتى ئۆتمۈشنىڭ،
روھى بىلەن قوشۇلۇپ بىر پەس.
بوۋام ئېيتىپ بەرگەن رىۋايەت،
ئايان بولدى ئالدىمدا پەۋەس...

× × ×

بولغان ئىكەن بۇرۇن بىر شەھەر،
بايلىقى مول تۇپرىقى مۇنبەت.
ئىسمى ئۇنىڭ شەھىرى كىتىك،
ئادەملىرى گۈزەلكەن قەۋەت.

باھادىركەن ئەرلىرى تامام،
تىز پۈكمەسكەن ياۋغا ئەزەلدىن.
پاراغەتتە ئۆتسىمۇ كۈنى،
ئايرىلماسكەن روھى كېرەمدىن.
ئادىل ئىكەن شاھلىرى غەيۇر،
پازىلكەن ھەم ئىلىم - ئەخلاقتا.
ئۇسسىغانغا بېرەركەن خۇشخۇي،
شەربەت سىقىپ ئالتۇن تاۋاقتا.
نىزاھ يوقكەن ئاكا - ئۇكىدا،
مەردلىك ئىكەن يىگىت مىزانى،
مۇناپىقلىق گۇناھكەن ئېغىر.
يوق قىلاركەن لەنەت قىيانى.
لاتاپەتلىك ئىكەن ئاياللار،
دىيانىتى چاچاركەن ئەنبەر.
ئايرىلماسكەن ساداقەت بىلەن،
تەقدىر قازا بەرگەنگە قەدەر.
يوق بولغاچقا «ئاجرىشىپ كېتىش»،
بەختىياركەن سەبىي بالىلار.
ھىممەت نۇر بوپ چېچىلغاچ ئەلدە،
تېپىلماسكەن پۈتمەس يارىلار.
كۆرەش بىلەن ئاتلانسا ئەرلەر،
ئايال سوۋغا قىلاركەن كەمەر.
قارىماسكەن يىگىتكە قىز،

قۇچالمىسا كۆرەشتە زەپەر.
قىلىشماسكەن دوستلار خىيانەت،
گۈزەل ئۈچۈن ساتماسكەن غۇرۇر.
«مەردنى مەيدان سىنايدىغان ئىش»
بىرەر ئىكەن ئەڭ شېرىن ھۇزۇر.
ئانا ئوغۇز سۆتى بىلەنلا،
سىڭدۈرەركەن بالىغا ھايا.
تۇمارىسنىڭ ئۆلمەس سىماسى،
ھەربىر دىلدا تۇراركەن يادا.
ئوخشايدىكەن ئۆزى ـ ئۆزىگە،
يۈرمەس ئىكەن روھنى ئېزدەپ.
چۆللەر كېزىپ كەلگەنلەر بۇيان،
مەپتۇن بولۇپ قالاركەن يۈزلەپ.
يوق بولسىمۇ توم ـ توم قانۇنلار
ئەدەپ ـ ئەھكام تۇراركەن چاقناپ.
بوۋىلاردىن قالغان ئۆگۈتلەر،
ساقلىناركەن ئەۋرىگە ئاتاپ.
شۇنداق ئىللىق كۈنلەردىن بىر كۈن،
شاھ بولۇپتۇ بىر دانا يىگىت.
گۈللىنىپتۇ بۇ ئەل تېخىمۇ،
تاغ بولۇپتۇ ئاش، ئالتۇن، تىۋىت.
تاشلىرىدا چاقناپتۇ زىيا،
تۇپرىقىدىن ھەسەل تېمىپتۇ.

چەشمە ئۇرۇپ نورۇز بۇلاقلار ،
ئېرىقىدىن كەۋسەر ئېقىپتۇ .
قۇياش سۆيگەن بىپايان يايلاق ،
لىق تولۇپتۇ توپ - توپ يىلقىغا .
گۈلىستانلىق باغنىڭ خۇش ھىدى ،
تارىلىپتۇ يىراق - يېقىنغا .
كۆز قىزارتىپ يىراق ئەل شاھى ،
بايلىقىغا گۈزەل كېتىكنىڭ .
لەشكەر تارتىپ كەپتۇ ساناقسىز ،
دەرگاھىغا روھى تىرىكنىڭ .
تەمكىن بولۇپ پاراسەتلىك شاھ ،
ياۋغا قارشى تۈزۈپتۇ تەدبىر .
ۋەتەن ئۈچۈن بىر تەن بولۇشۇپ ،
ئوغۇل - قىزلار ئېتىپتۇ تەگبىر .
خىزىر سۈپەت ئۇلۇغ بوۋايلار ،
ھېكمەتلەرنى تۆكۈپتۇ قاتا .
پەرىشتىدەك ئاقباش مومايلار ،
نۇسرەت تىلەپ بېرىپتۇ دۇئا .
مەدەت بېرىپ ئوماق باللار ،
ئارقا سەپتە قاپتۇ مۇڭ بىلەن .
مەردلىك تېشىپ ئارمانلىرىدا ،
قايناق جەڭگە كېتەركەن بەزەن .
قىيالماستىن قاراپ تۇرۇشقا ،

كىيىنىپتۇ ئەرەنچە قىزلار.
باستۇرۇپتۇ دۈشمەن ئۈستىگە،
تۇمارىستەك قالدۇرۇپ ئىزلار.
جەڭ بولۇپتۇ ئاجايىپ ھەيۋەت،
يەتتە كۈندۈز، يەتتە كېچىدە.
ئېلىشىپتۇ رەقىبلەر دەھشەت،
چىقمىغۇدەك ھەركىم ئېسىدە.
جەڭ دۈمبىقى ياڭراپتۇ سايدا،
كۆرسىتىپتۇ مەردلەر جاسارەت.
دەريا بوپتۇ ۋەتەن ئۈچۈن قان،
قايىل بوپتۇ رەقىب كارامەت.
بولغاچ ياۋنىڭ قوشۇنى سانسىز،
بەسى مۈشكۈل بوپتۇ تەڭ تۇرماق.
ئەرك سۆيەر باھادىرلارغا،
بولالماپتۇ ھېچ نەرسە چىرماق.
بوۋاي، موماي كىرىپتۇ سەپكە،
باللارمۇ تۇتۇپتۇ تاياق.
بوۋىقنى دۈمبىگە تېڭىپ،
ئانىلار ھەم ئېلىپتۇ ياراق.
ۋادەرىخا، ئەجەللىك بىر ئوق،
تېگىپتۇ شاھ پاناھغا شۇ دەم.
يىقىلىپتۇ غەيۇر پەھلىۋان،
سىلجىيالماي ئالدىغا قەدەم.

«باتۇرلىرىم» دەپتۇ پادىشاھ:
«كېتەر بولدۇم سىلەردىن بۈرۈن،
بىر تامچە قان قالغۇچە ھەرگىز،
بەرمەڭ نومۇس دۈشمەنگە ئورۇن.
قالدى مۈشكۈل خەتەر سىلەرگە،
سۈرەلمىدىم رەقىبنى يىراق.
بۇ ئېغىر قەرز قالدى زىممەمدە،
تۈگەتمىسۈن ئەجەللىك پىراق.
ئىناق ئۆتمەي، سائادەت بولماس،
ديانەت يوق ئىبادەت بولماس.
ئىلىم - ھۈنەر يۇقمىغان ئانا،
تىلاۋىتى بىر ياماق بولماس».
كۆز يۇمۇپتۇ ئارماندا سەركە،
تىتىلىپتۇ يۈرەكلەر ھەريان.
تاغۇ تاشلار كەپتۇ لەرزىگە،
دەۋرەپ كەلگەچ ھەسرەتلىك قىيان.
سۈكۈت بىلەن ئۆتۈپتۇ ماتەم،
مۇسىبەتنى تۇتۇپتۇ پىنھان.
ئايلىنىپتۇ نادامەت كۈچكە،
چۈشكۈنلۈككە بەرمەپتۇ ئىمكان.
قارا قاغا ئىكەن بەئەينى،
لەكمىڭ - لەكمىڭ ياۋنىڭ قوشۇنى.
كۆپ بولغاچقا ساندىكى پەرق،

ئايان بوپتۇ جەڭنىڭ كۈتۈمى.
قوربان بوپتۇ ئەرلەر تامامى.
قاپتۇ مېيىپ، ئاجىز ئايالىلار.
باسالماپتۇ لېكىن بىر قەدەم،
شېھىتلەردىن پۈتكەچ داۋانلار.
ياۋ سەركىسى ئەقلى لال بولۇپ.
قايىل بوپتۇ باھادىر ئەلگە.
ئۆكۈنۈشتە ئۆرتىنىپ مىڭ رەت،
قايتماق بولۇپ بېرىپتۇ بەلگە.
دەپتۇ ۋەزىر:«قايتىمىز نېچۈن؟
قالدى بىزگە بۇ مۇنبەت زېمىن.
ئاشتى بۈيۈك مەقسەت ئەمەلگە،
ئەمدى كۆڭۈل تاپقۇسى ئەمىن».
دەپتۇ سەركە: «ئەقلىڭ كور ئىكەن،
مەن ئەمەسمەن غالىب سەركەردە.
يۇلتۇزدەك كۆپ بولغاچ قوشۇنۇم،
كەتتى ئۇلار قىساس ـ ئەلەمدە.
تىز پۈكمىدى ھەتتا بالىلار،
كۆرمىگەنمەن بۇنداق ئۇرۇشنى.
ئۇرۇشمايمەن ئايالىلار بىلەن،
توختىتايلى ئەمدى يۈرۈشنى.
ھەممە ئىنسان بولسا شۇ روھتا،
چۈمۈلەتتى دۇنيا زەر ـ نۇرغا.

ئەقىدىگە بولمىسا ئاسىي،
ياشمايتتى ھېچ ئادەم زورغا.
جەسەتلەرنى يۇيۇپ كېپەنلەپ،
تىز چۆكەيلى پارلاق روھىغا.
گۇناھىمىز تىلەيلى تەكرار،
يېپىشقانچە تىرىك تونىغا».
تەھسىن ئېيتتى ۋەزىر خۇش بولۇپ:
«قەلبىڭ دەريا، ئەقلىڭ زەر ئىكەن،
بىز سورىغان گۈزەل تۇپراقنىڭ،
ھەر زەررىسى مىڭ تال تەر ئىكەن».
پەرمان بىلەن تۈتۈلدى ماتەم،
باھادىرلار سىرداشتى ئۈنسىز.
تىرىك بىلەن ئۆلۈك ئارىسى،
ئېرىپ كەتتى قۇياشتەك ئىزسىز.
كەلدى شۇئان كۆكتىن بىر سادا،
يەر - جاھاننى لەرزىگە سېلىپ:
«مەرد ئىكەنسەن سەنمۇ باھادىر،
ئېتىقادتىن كەتمەپسەن تېنىپ.
بىزگە كەلگەن بۇ شانلىق ئۆلۈم،
بەرگەن بولسا سىلەرگە ساۋاق.
ئۇرۇقىمىز قۇرىماس ئەبەد،
يوللار مۈشكۈل بولسىمۇ ئۇزاق».
ئايلىنىپ ياۋ دوستقا، يارەنگە،

ھەسرەت يۇتۇپ يولغا چىقىپتۇ.
پۇشايمانغا بېرەلمەي چىداش،
قوللىرىنى ھەتتا چىپىپتۇ.
ۋەتەن سۆيگەن دىللارغا تۇپراق،
مېھرى بىلەن بېرىپتۇ مەلھەم.
غالىب ئەمەس ياراق جەڭدىكى،
غۇرۇر، ۋىجدان، ئىناقلىق بەرھەم.
دەس تۇرۇپتۇ قالغان ئايالлар،
ياش ئورنىغا تۆكۈپتۇ قان - تەر.
ھۆسنى خازان بولغان گۈل دىيار،
كۆرەلمەپتۇ شۇندىن بىرەر ئەر.
ئۆتۈپ ئاي - يىل كەپتۇ ئەسلىگە،
دەردى تارام ئاققان بۇ شەھەر.
ئەۋلاد غېمى قىلغاچ بىئارام،
ئايالлارغا بوپتۇ ئاش زەھەر.
شاھ سايلىغان ئىكەن ئايالлар،
ھۆسنى گۈزەل، ئەقلى كامالنى.
يىغلاركەن ئۇ تەڭرىگە كۈن - تۈن،
تاپماق بولۇپ ياخشى ئامالنى.
ئايان بوپتۇ چۈشىدە بىر كۈن،
ئاق يەكتەكلىك، ئاق ساقال خىزىر.
دېگۈدەكمىش: «ئانا دەريانىڭ
سۈيىنى ئىچ بىرقانچە ھېجىر.»

كەپتۇ شۇئان دەريا بويىغا،
دولقۇن قىرغاق سۆيەركەن مەغرۇر.
ھەر تامچە سۇ تۇغۇپ مىڭ خىسلەت،
قوزغىتاركەن دىللاردا غۇرۇر.
ھىجران ئۆرتەپ يۈرەكنى قات - قات،
نەم تۇپراققا باغرىنى يېقىپتۇ.
قىيانىدا غەم - غۇسسىلەرنىڭ
يېشىل ياپراق بولۇپ ئېقىپتۇ.
بارماقلىرى تىترەپ - تەمتىرەپ،
قەترىلەرنى ئۈنسىز يۇتۇپتۇ.
مۇبارەكلەپ ئەزىم دەريانى،
دۇر - گۆھەردىن چاچقۇ چېچىپتۇ.
ئۇزۇن ئۆتمەي بوپتۇ ھامىلدار،
جاھان ھەيران بولۇپ بېقىپتۇ.
ئوردا ئەھلى ئالدىدا بىر كۈن،
سىر - ئەسرارنى ئۆزى يېشىپتۇ.
ئايالىلارنىڭ مەملىكىتىدە
توي بولۇپتۇ شۇندىن ھەر كۈنى.
چەكسىز ئۈمىد، ئۇلۇغ ئىنتىلىش،
جاراڭلاپتۇ ئىزتىراپ تۈنى.
توشۇپ ئاي - يىلى كۆز ئېچىپ بوۋاق،
كۈندىن يورۇق شولا چېچىپتۇ.
خۇشاللىقتىن ھەتتا تاغۇ تاش،

كۆز ياشلىرى سەلدەك ئېقىپتۇ.
«ئوغۇل كەلدى، يىلتىز كۆكلىدى،
تۇمەن يۇلتۇز كۆككە ئۆرلىدى.
ئوغۇل، ئوغۇل ئۇزۇلمەس ئېقىن»
دېيىشتى ئەل خۇشال توۋلىدى.
ئەزىم بولدى مۇبارەك ئاتى،
ئوغۇز كەبى يېتىلدى غەيۇر.
«ۋەتەن» دېگەن مۇقەددەس تامغا،
ھەر نەپەسكە بەردى مىڭ غۇرۇر.
زېھنى ئۇنىڭ ئىدى ساپ ھاۋا،
چېچەنلىكتە بۇركۇتكە ئەنداز.
ئەدەپ - ئەخلاق، ئىلىم - ھېكمىتى،
تۇمەن ئەلگە بولۇر پايانداز.
تا ئەزەلدىن كۆرمىگەن جاھان،
ئەلەم سۆيگەن بۇنداق قىرانىنى.
يەتمىش ئىككى ھۈنەر ئاز كېلىپ،
قۇرار ئىدى يېڭى پىلانىنى.
سۆيەر ئىدى دەريا ئەزىمنى،
زېمىن ئوت بوپ كۆيەتتى ئاڭا.
ئارسلان، بۇغرا، قاپلان باش ئېگىپ،
كۈتەر ئىدى ئۇنىڭدىن سادا.
گۈلىستاندا ئېچىلاتتى گۈل،
ئۇنىڭ ئۈچۈن لېۋەن قىزىرىپ.

تۇمەن قۇشلار قىلاتتى نەغمە،
ئۆچرەت بىلەن رەتكە تىزىلىپ.
بالاغەتكە يېتىپتۇ ئەزىم،
ئانا يەنە غەمگە چۆكۈپتۇ.
ئەقىلدارلار سەمىگە دەرھال،
ھەسرىتىنى پۈتۈن تۆكۈپتۇ.
«ئوغلىمىزنىڭ ئۇلغايدى يېشى،
ئوچۇق تۇرسا راۋامۇ بېشى.
مەملىكەتتە يوق بوخا لايىق،
بۇ بېشىمنىڭ قاتتى ئىچ - تېشى».
«راست ئېيتىسەن» دەپتۇ ھەممىسى،
شاھ سۆزىنى قوللاپ، ماقۇللاپ.
ئەزىم بولغاچ ھەممىگە بالا
لايىق تاپماق بوپتۇ ئاماللاپ.
كەپتۇ ئاخىر شۇنداق قارارغا
پۈتۈن ئايال يىغلاپ تەگرىگە،
ھاجىتىنى ئېيتىپتۇ زار - زار،
قاياش تىلەپ باتۇر ئەزىمگە.
ئانىلارنىڭ ئەلەملىك يېشى،
دولقۇنلارنى قىلىپتۇ پارە.
پەرىشتىلەر قاتار تىزىلىپ،
ئۇلار ئۈچۈن قىلىپتۇ نالە.
ياخراپ شۇنداق ئاجايىپ سادا،

تۆكۈلۈپتۇ پەلەكتىن كۆك نۇر:
«بولغاچ ئىخلاس، ئەقىدەڭ تېرەن،
قايىل قىلدىڭ مېنى بەك چوڭقۇر.
كۆپىيىڭلار كامالەت تېپىپ،
ئىلىم - ئىخلاس تۇرسۇن نۇر چېچىپ.
بىغەم ئەلدە بولماس ئىناقلىق،
ئىناقسىز ئەل كېتىدۇ تېزىپ.»
چاقماق بىلەن يوقاپتۇ سادا،
تىز چۆكۈپتۇ قىرغاقتا ھەممە.
زەر قەترىگە يېقىشىپتۇ لەۋ،
دولقۇن دەپتۇ: «قايتىدىن گۈللە.»
كۆپ ئۆتمەستىن جىمى ئايالار،
ئىلگىرى - كېيىن بوپتۇ ھامىلدار.
ئۇلۇغ ئىشقا شاھ بىلەن ئەزىم،
چېپىشىپتۇ بولۇپ ئاقىلدار.
بوپتۇ تۇغۇت ئانا شاھ ئۆزى،
قۇياش سۆيگەن ھەربىر بوۋاقتا.
ئىسىم قويۇپ چىقىپتۇ ئەزىم،
زاكىدىكى ھەربىر ئوماقتا.
ئەللەي ئۈنى ياڭراپتۇ مۇڭلۇق،
تەكلىماكان باغرىدا قايتا.
«ئىگە»لىگەن قەھرىلىك ئاۋاز،
غۇرۇر بىلەن ياشاركەن قاتار.

چوڭ بولۇپتۇ ئوغۇللار ئىمەن،
ئىكەن قىزلار ئاجايىپ لېۋەن.
باھادىركەن ھەربىرى يەنە،
تېپىلماسكەن ئۇلاردىن ئېۋەن.
زىنىنىتىكەن ئىلىم ۋە ھايا،
نازاكەتلىك گۈزەل قىزلارنىڭ.
مەردانىلىك خىسلىتىكەن ھەم،
يىگىت باسقان ھەربىر ئىزلارنىڭ.
شاھۇ جاھان تاللاپ بىر كۈننى،
ئەزىم ئۈچۈن توي جاكارلاپتۇ.
قىزلارنىڭ ئەڭ چېچەن، چوڭىنى،
شاھزادىگە ھەق نىكاھلاپتۇ.
ئۈزۈلمەپتۇ شۇندىن بۇ ئەلدە،
قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - ھەشەم.
ئۇلىنىپتۇ ئىزلار، ئىزلارغا،
بولمىسىمۇ ھېچقانداق قەسەم.
ۋاقىت يېتىپ ئايال پادىشاھ،
تەيىنلەپتۇ ئەزىمنى شاھ قىپ.
روناق تېپىپ تېخىمۇ بۇ ئەل،
چېكەلمەپتۇ بىرەر كىم تاك قىپ.
قانچە ئەسىر ئۆتۈپ شۇ تەرىق،
كۆز تېگىپتۇ ئۇم - ئىناقلىققا.
سولىشىپتۇ ئەقىدە گۈلى،

يۈزلىنىپتۇ دىل يىراقلىققا.
چەكتىن ئېشىپ بىغەم ھالاۋەت،
كۆك قۇچۇپتۇ كۈندە ناخشا ـ ساز.
ئىشىنەلمەي قېرىندىشىغا،
ناتونۇشقا كۆرسىتىپتۇ ناز.
كۆز يۇمۇپتۇ تەۋەررۈك جانلار،
چىدالمىغاچ خورلۇق ـ ئەلەمگە.
سەمىمىيەت بولمىغاچ دىلدا،
تايىنىپتۇ تۇزسىز قەسەمگە.
نومۇس ئىچرە ھۆركىرەپ دەريا،
خار بولغاننى ئاپتۇ قوينىغا.
ماڭقۇرت بولۇپ كەتكەچ ھەممىسى،
سۇ كىرمەپتۇ يەنە بۇرنىغا.
ئىپپەت بازار تاپقان بىركۈنى،
قارىيىپتۇ قۇياش مۆكۈپتۇ.
تارتىلىپتۇ دەريامۇ شۇئان،
شەھەر چەكسىز قۇمغا چۆكۈپتۇ.
يوقىلىپتۇ گۈللەنگەن بىر ئەل،
يوقىتىپتۇ ئۆزىنى شۇنداق.
ئۇنتۇسىمۇ ئادەملەر ئۇنى،
تەكلىماكان ئۇنتۇسۇن قانداق!؟..

× × ×

رىۋايەتكە كەتكەچ سىڭىشىپ،
ئۇنتۇپتىمەن مەۋجۇت ئۆزۈمنى.
ھاياجاندا چايقىلىپ مازار،
بۇلاق قىلدى بەردەم كۆزۈمنى.
روھىي تىرىك كەتمەنلەنگەنلەر،
تومۇرلاردا بولاركەن گۈلخان.
نەپسى ئۈچۈن ياشاپ كەلگەنلەر
بولاركەن ئۆز پېيىنى قىرغان.

## ئەما بوۋاي

قەدەم ھارغىن، خىياللار ھارغىن،
كىردىم شىرەم توغقان ئۆيىگە.
پايپېتەك بوپ ساھىبخان خۇشال،
تەكلىپ قىلدى ئۆيىنىڭ تۆرىگە.
ياتار ئىدى ئۇندا بىر بوۋاي،
ئاپئاق ساقال، نۇرانە چىراي.
تۆكۆلەتتى ھېكمەت تىلىدىن،
روھلۇق ئىدى بولسىمۇ قوراي.
كۆڭۈل كۆزى ئىدى بەك روشەن،
كۆرەلمەيتتى كۆزلىرى ئەمما.
رازى ئىدى شۇنداق ئۆتۈشكە،
بۇ بىز ئۈچۈن ئىسىل مۇئەمما.

دېدىم چىندىن كۆيۈنۈپ ئاڭا :
«دوختۇر، تېۋىپ باقايلى ئىزدەپ.
قۇياش گۈزەل، باللار ئاندىن،
ماھىر ئەمچى تېپىلار يۈزلەپ.»
دېدى بوۋاي : «ئۆز ھالىمغا قوي،
ئىنسابىڭغا رەھمەت، تەشەككۈر.
مەن خالىماس ئىشلار بەك تولا،
بىلەلەيسەن قىلساڭ تەپەككۇر.
بېرەلمىدىم نەۋرەمگە ساۋاق،
تىغ كۆتۈرەر بالا دادىغا.
ئىنساب، تەۋپىق كەتتىكىن قايان،
تەپرىق، رىيا كىردى ئارىغا
ئوغۇللىرىم ئەمەس يىگىتتەك،
ئايالّلار ھەم ئۆزگىچە دۇنيا.
قانداق چىداي كۆرۈپ تۇرۇشقا،
خازان بولۇپ سارغايسا ھايا.»
ئۈنسىز بولدۇم بوۋاي سۆزىدىن،
نومۇس ئىچرە كۆيدۈم ئۆرتىنىپ.
ئۈمىد بالقىپ تۇرغان ھەر قورۇق،
ھاياجاندىن كەتتى سىلكىنىپ.
باقتىم بوۋاي ئاغزىغا شۇدەم،
چىقسا تارىخ كۆلەڭگىسى دەپ.
چۈشەندىمۇ كۆڭلۈمنى شۇئان،

ياش ۋاقتىدىن باشلاپ قالدى گەپ:
«قىران چاغدا يۈرەتتۇق چېپىپ،
تاپ باسمىغان قالمايتتى يۇرتلار.
مىنەر ئىدىم ئاتىنىڭ خىلىنى،
سۆلەتلىكتى ساقال - بۇرۇتلار.
مەن بارمىغان چېلىش يوق ئىدى،
مەنسىز مەشرەپ بولمايىتتى ھەرگىز.
مەن بارمىغان تويلارغا قىزلار،
بېرىشىنمۇ تۇتاتتى پەرھىز.
غادايمايتتىم قېرى - ئاجىز دەپ،
مۇناپىقنى يولىمايتتىم ھەم.
موللا - ئەلەم قىلالماي ئانام،
«بەڭۋاشسەن دەپ» چېكەتتى ئەلەم.
تۇتۇپ قالسا يىگىتلىك بەزەن،
بوۋام سۆزى تۇراتتى ئەستە.
لاتاپەتتە يېگانە بىر قىز،
قىلغان ئىدى يۈرەكنى خەستە.
كېلىپ قالغاچ تەلىيىم تەتۈر،
چوڭ توي ئۈچۈن كەلدى زور قوشۇن.
قىز رايىغا باقمىغان ئانا،
تۈزدى نەغمە ئۈچۈن چوڭ سورۇن.
قۇياش ئۆلدى، ئاش بولدى ھارام،
دىلدا ئىشق كۆيدى چاراسلاپ.

جانان ئۇچۇن چىشلىدىم لەۋنى،
دەرد قامچىسى تەگدى تاراسلاپ.
ئەسلىي قىزمۇ سۆيەركەن مېنى،
يۈرىكىدە يادلاپ، ئۇلۇغلاپ.
نومۇس، هايا بولغاچ تۇتىيا،
رازى بوپتۇ چېكىشكە ئازاب.
قايىنماقتا بىر چەتتە بەزمە،
ئىككى يۈرەك يۇتماقتا زەهەر.
ئۇچراشماپتۇ دەردلىك تىنىقلار،
قىز تەسەددۇق بولغانىغا قەدەر.
قىز كۆچۈرمەك بولغان ۋاقىتتا،
ئاڭلىنىپتۇ ئانا نالىسى.
كۈمۈش ساپلىق خەنجىرى بىلەن،
قەتلى قىپتۇ ئۆزىن پارىسى.
قوللىرىدا تۈگۈلگەنىكەن چىڭ،
مېنىڭ نامىم چېكىلگەن ياغلىق.
چىمەنىمىز بولالماي تۇتاش،
كۈتۈۋالدى بىزنى جۇدالىق.
مەنسەپ، ئەمەل ئۇچۇن گول ئاتا،
بىدار بولدى يالغۇز قىزىدىن.
شۆهرەت ئوتى كۆيدۈرگەن ئانا،
بىزار بولدى تىللا تىزىدىن.
شۇندىن هەسرەت يۇتىمەن تاتلىق،

بىرەلمىدىم ھېچكىمگە كۆڭۈل.
مۇھەببەت ئۇ تەڭداشسىز قۇدرەت،
مەيلى سۆيگىن مەيلى سەن سۆيۈل.
بىلەلمىدىم چەتكە قاقامدۇ،
مەدەنىيەت چىن مۇھەببەتنى.
ئويۇن ئەمەس توي - نىكاھ دېگەن،
لەنەتلەيمەن ئەقلى بىزەپنى.

× × ×

بوۋاي سىم - سىم تۆكتى يېشىنى،
سىلاپ قويۇپ ئاپئاق قېشىنى.
گۈل چېكىلگەن تاۋار ياغلىقتا،
ئاستاغىنا قويدى بېشىنى.

## كۆيۈك تۇپراق

بارماقتىمەن چۆكۈپ ئۆزۈمگە،
ئاق تېرەكلەر يىقىلغان يولدا.
تۇتام - تۇتام رىۋايەتلەر بار،
توپا توزۇپ تۇرغان تار يولدا.
چۈشلىرىمدەك مۇڭلۇق بىر ناۋا،
يۇلقۇنماقتا چۆرەمدە غۇۋا.
ماڭدىم كۆزلەپ تارىمنى ياياق،

قۇشلار ھارغىن، بولدى ئاي گۇۋا.
تاش ئورمانغا قايتقۇم يوق پەقەت،
توغراقلارغا كەتكۈم بار سىڭىپ.
سېغىنسا گەر يوغان تېرىكىم،
تۇمارىسنى قايتىمەن ئېلىپ.
ساتۇق ماڭغان ئىزلار يالتىراپ،
روشەن قىلدى ئالىپ ئارسلاننى.
مەھمۇد بوۋام «ئوغلۇم» دېگەندە،
تۇيدۇم بىراۋ قۇرغان قاپقاننى.
«ئىلىم — بەخت» دېگەنتى يۈسۈپ،
ئالتە ئەسىر بۇرۇن بېكوندىن.
ئانا تىلنى ئۇلۇغلاپ ئەلشىر،
سۇزۇپ چىققان شالغۇت ئېقىمدىن.
نۇزۇك قومۇش ئىچرە مۆكۈنۈپ،
يىغلىماقتا بىزگە ئۆكۈنۈپ،
نىدا قىلار: «ئەقىللىك قىزلار،
ئۆزۈڭنى تاپ، قالاي ئۆتۈنۈپ.»
ئۆزلۈكىنى ئىزدەپ ئۇيغۇرى،
جاھالەتكە ئوت ئاچقان بىر چاغ.
تەۋپىق ئەلگە باھار بوپ، نۇر بوپ،
يۆلەپ بەرگەن «ئون نەچچە مىڭ تاغ».
يورغا يىلغا كۆكرىكىن كېرىپ،
چىققان ئىدى ئوت يالقۇن ئېلىپ.

«غۇنچە گۈلى» ئېچىلماستىنلا،
كەتتى يىراق بىزدىن مۇتەللىپ.
تۇيدۇرماستىن ئۆتكۈر سالدى ئوت،
كۆز يېشىنى تۆكتى «ئانا يۇرت».
«توققۇز ھېكمەت» بولغاچ قولىدا،
«بۆرە ئانا» تاپتى چەكسىز قۇت.
خىيال يانغىن، خىياللار يانغىن،
توغراقزاردەك تامار مۇڭسىراپ.
ئەزىم دەريا بويىدا ئۆتمۈش،
يۇلتۇز ساناپ ياتار قانسىراپ.
ئىچتىم قەترە مەنمۇ بىر ئوچۇم،
«رەڭدار شەھەر» قاراركىن قانداق.
تۇغۇپ قويسام ئۇشتۇمتۇت بىر كۈن،
تىللامدىكىن تاپتىڭ دەپ چاتاق.
ئوخشىمىغاچ ئۆزۈمگە خۇيۇم،
تۇيۇلىمەن «ساراڭ» بوپ گاھى.
تاپالىسام چەكسىزلىكىمنى،
«ساراڭ» بولۇپ ئۆتسەممۇ رازى.
ئۈمىد دىلغا بەرگەندە قۇۋۋەت،
گۈلدەك پارلاق ئېچىلار ئىقبال،
بويۇن قىسىپ چىشلەيسەن بارماق،
ئۆز - ئۆزۈڭنى يوقاتساڭ مىسقال.
ئۆچتى نى - نى شانلىق سەلتەنەت،

توپان بەردى يېپيېڭى دۇنيا،
قۇم دېڭىزى تۇرسىمۇ يۇتۇپ،
بىغەم ئۇخلاپ ياتار بىر زۇنا.
قان تامچىلاپ تۇرغان يۈرەكتەك،
كۆيۈك تۇپراق نالىسا ئۈنسىز،
ئەنسىرەيمەن ئەمدى يانار تاغ،
ئېرىتىدۇ ئالەمنى سۆزسىز.
مەن سۆيىمەن قەدىم تىرەكنى،
كاۋىكىدا چۈشەپ رىۋايەت.
تىل قانتىم چوغلانسا گۈزەل،
كامال تاپار ئۈزۈك دىيانەت.
پەرۋازىدا كۆيۈك تۇپراقنىڭ،
قانات قاقار هال رەك مۇھەببەت ...

× × ×

چۈشلىرىمگە كۆمۈلگەن شەھەر،
ياپراق كەبى توزۇيدۇ پات ـ پات.
يالقۇن بولۇپ پۇچىلانغان تەن،
كۆيدۈرىدۇ يۈرەكنى قات ـ قات.

2005 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇن

# يوللارغا روھىڭدىن چېچىلسۇن ئېھسان

(ئاكىمىز مىجىت ناسىرغا بېغىشلاپ)

سەن ئۇلۇغ پاسىبان، ياشىدىڭ مەغرۇر،
ھىممىتىڭ، خۇلقۇڭدىن بولدى ئەل رىزا.
كۆن - تۈنلەر روھىڭدا يۇلقۇنۇپ ئۆنلەپ،
شىكەستە جانلارغا ئىزلىدىڭ داۋا.

سەن كۆمۈش چوققىسەن بۇلۇتنى يارغان،
تۇمۇرۇڭ تۇتاشقان دىللارغا تامام.
چاڭقىغان يۈرەكلەر ياشاردى سەندىن،
تىنىمسىز ئېقىنسەن ئالالماس ئارام.

سەن مۇنبەت زېمىنسەن تاقىتى چەكسىز،
باغرىڭدا ھەر گىياھ ئەزىز جانىجان.
ئۇلۇغ بىر گۈلخانسەن زىمىستاندىكى،
مۇزلىغان تەنلەرنى قوينىغا ئالغان.

دېھقان دەپ يىغلىدىڭ، دېھقانمۇ بولدۇڭ،
مائارىپ بېغىدا بۇلبۇل بولدۇڭ ھەم.
سەنئەتكە ئاشىنا ئۆتتى كۈنلىرىڭ،
ئەدىبلەر ئۈلپىتى بولدۇڭ دەمۇدەم.

ئەجرىڭدىن كۆز ئاچتى «كۆكۆل سوۋغىسى»،
«سەبىيلەر...» ئۇچۇن دەپ چىقتىڭ يەڭ تۇرۇپ.
«...تۆھپىكار» روھىغا بولدۇڭ پايانداز،
بەردىڭ «...ئەزىمەتلەر» سىپىنى تۈزۈپ.

دىللارغا چېكىلدى مۇبارەك نامىڭ،
سەن ھۆرمەت تەختىدە يېگانە ئىنسان.
ئىجادىڭ تۇلپىرى چاپسۇن توختىماي،
روھىڭدىن يوللارغا چېچىلسۇن ئېھسان.

2006 - يىلى

# قۇياش رىۋايىتى

## (داستان)

روھىڭلار ۋە ئەخلاقىڭلار زېمىنغا مەنە ئاتا قىلسۇن، بارلىق قىممەتنى يېڭىباشتىن يارىتىڭلار!

نېتزى

### مۇقەددىمە

ئالتۇن قۇياش كۆلۈپ بىر تاتلىق
مېھرى بىلەن باقار زېمىنغا.
ئەركە شامال چېچىشىپ ھەريان،
شادلىق بېرەر ھارغىن دىلىمغا.
تۇتاش كەتكەن ئاسفالىت يوللار،
خىيالىدا كېزەر دۇنيانى.
قەدەملەردە تۈمەن خىل ھەۋەس،
تالجىقتۇرار يېڭى ئىرانى.
ئارمانلاردىن تۇغۇلۇپ ئارمان،
ئادەملەرنى قىستار تېنىمسىز.
دەھشەت سالدى رەڭدار مەۋجۇتلۇق،

يۇرەكلەرنى قىلىپ كۆيۈمسىز.
ئۇچۇپ يۇرەر سەرسان مۇھەببەت،
خىلقەتلەردىن ئىزدەپ ئۆزىنى.
ۋابا يامراپ چۇشكۇن ئالەمگە،
ئەتمەك بولار ۋاپا كۆزىنى.
تەمكىن تۇرۇپ كۆكتە زەر قۇياش،
ساداقەتتىن سۆزلەيدۇ قىسسە.
پارە قىلغاچ ئۇنىڭ قەلبىنى،
«سۆيگۈ ئۆلدى» دېگەن ۋەسۋەسە.

## 1

مۇقەددەس جاي مەكتەپ ئەزەلدىن،
مەن شۇ جايدا تۇرىمەن ھەر كۈن.
غۇنچىلارنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى،
يېلىنجايدۇ روھىمدا كۈن - تۈن.
خەلق بەرگەن مۇنبەرنى ماڭا،
خەلق ئۇچۇن سۆزلەيمەن تىنماي.
ئەۋلادلارغا ئاتىدىم جاننى
مۇشكۇللەردىن داجىماي - يانماي.
مەرىپەت باش بولسا بىر ئەلدە،
روناق تاپار پاكلىق، ئادالەت.
نادانلىق گەر شىلتىسە قامچا،

بىسىپ كېلەر مۇدھىش قىيامەت.
مۇنبەردىمۇ سۆزلىنەر شۇنداق،
ئىلىم - ھېكمەت، ئەخلاق ۋە ھايا.
زەبۇنلۇقتا ئىلىمدىن ئۆزگە،
بولالمايدۇ ھېچ نەرسە داۋا.
كۆن ئۆتىدۇ ئايلارنى قوغلاپ،
مەنمۇ كۆيۈپ بارىمەن بىر خىل.
بوغۇلىدۇ سەمىمىي تىلەك،
بوپقالدۇقمۇ ھەممىمىز «بېخىل».
نەدە قالدى ھۆرمەت، راپائەت؟
نەدە قالدى ئىززەت، شاپائەت؟
چۈشىنىشمەي نادان يۈرەكلەر
زېدە بولدى قەۋەتمۇقەۋەت.
ئوقۇتقۇچى ئامالسىز بەزەن،
يېنىپ چىقار مۇنبەر ئالدىدىن،
مۇدىر سوراپ بولالماي دەۋا،
ئورۇن ئالار بولدى دالدىدىن.
توۋا دەيمىز چىشلىشىپ ياقا،
ئۇستازغا تىل سالغان بالىغا.
«قەھرىمان»غا زوقلىنىپ، كۈيلەپ،
ئېلىۋالار ھەممە ئارىغا.
ئاتا - ئانا كېلىپ دەۋاغا،
بالىسىنى ئاقلايدۇ شەكسىز.

يۈكلىنىدۇ گۇناھ ئۇستازغا،
چۈنكى ئۇستاز بولغاچقا «پەمسىز».
جەمئىيەتكە ئارتىدۇ ھەممە،
بۇزۇلغاننى جەمئىيەت بۇزغان.
ئويلىدىمۇ قېنى كىم - كىملەر؟!
جەمئىيەتنى ئادەملەر قۇرغان.
مۇئەللىمنى دېدۇق «دىتى يوق»،
جەمئىيەت ھەم تۇرار چايقىلىپ.
ئاتا - ئانىلار پۇل قايىنمىدا،
ئىنسابىنى تىكەر پاي قىلىپ.
تولار ئىمىش قاۋاقخانىلار،
ئوقۇغۇچى بىلەن ھەر كۈنى.
ياشاش ئېغىر كەلگەن باتۇرلار،
ياشار ئىمىش شۇنداق تۈن - تۈنى.
ئالىم بولماق ئەمەستۇر قىيىن،
ئادەم بولۇش قىيىن ھەممىدىن.
ئىنساب، غۇرۇر كۆتۈرۈلگەن جاي،
خاراب بولغان ئۇزاق دەۋردىن.

## 2

تۇرسام بىر كۈن ئېغىر خىيالدا،
ئىزدەپ كەلدى يوچۇن بىر ئايال.
«ئەسسالام»دىن كېيىن ئۆزىنى

تونۇشتۇردى بولماستىن هايال.
«مەن مەستۇرە ئىسىڭىزدىمۇ؟
ئوقۇغانتىم مېھرىڭىزدە مەن،
بەختىباشلىقىم يەتكەچ چېكىگە،
سېلىۋالغان ئۆزۈمگىمۇ ‹ئەن›.
كەلدىم بۈگۈن گۇناھىم تونۇپ،
كەچۈرگەيسىز قەدىردان ئۇستاز.
ئىبرەت ئالسۇن مەندىن باشقىلار،
بەتخۇيلۇقتىن قالمىسۇن ئاراز».
ھەيران بولۇپ باقتىم ئۇنىڭغا،
ئاھ، شۇكەنغۇ بەختباش قىزچىقىم،
نۇرى ئۆچكەن ھەسرەتلىك كۆزلەر،
نومۇس ئىچرە ئۆلدى مىڭ قېتىم.
دېدىم ئاڭا: «قىيامەتتىمۇ،
شاگىرتىم سىز سۆيۈملۈك بالا.
بېشىڭىزغا چۈشتى نە كۈلپەت،
دەرمان بولاي بولۇپ مەن ئانا».
يامغۇر كەبى تۆكۈلدى دەردمەن،
سىڭىپ كەتتى باغرىمغا بىر پەس.
دېدى: «تۆكەي ھەسرەتلىرىمنى،
ھېكايەممۇ ئۇنچە ئاز ئەمەس.
بىچارىمەن ئاتا - ئانام يوق،
يۆلەنچۈكۈم ئىدى چوڭ ئانام.

غېرىب ئىدىم، بەخباش ئىدىم ھەم،
ئېغىر ئىدى دىلىمدا يارام.
كەمستكەندە ئۆزگىلەر مېنى،
كېتەر ئىدىم ئۆلۈپ - تىرىلىپ.
شۇڭا ساختا تۈيغۇلۇپ چىن گەپ،
يۈرەر ئىدىم مەغرۇر كېرىلىپ.
مېنىڭ ئۈچۈن تاپقان چارىڭىز،
كۆلدەك تۇزۇپ تۇراتتى دائىم.
ئويلاپ باقسام مەن ئۈچۈن سىزلا،
يەتكەنسىز تىنىمسىز ۋايىم.
شۇنداق يۈرگەن كۈنلەردىن بىر كۈن،
ئۈچراپ قالدى تۈيغۇسىز بىر ئەر،
ئاسانلىشىپ مۇشكۈللىرىممۇ،
بولۇپ قالدىم ئۇنىڭ ئۈچۈن زەر.
پاناھىم دەپ بىلدىم مەن ئۇنى،
شۇندىن كەتتىم مەكتەپنى تاشلاپ.
«سۆيگۈ ئۈلۈغ» دېسە ئارقىدىن،
يۈرۈپتىمەن شەھەرلەر ئاتلاپ.
كېيىن بىلسەم ئۆيى بار ئىكەن،
ساقچىدىمۇ ئېنى بار ئىكەن.
بىلىپ قالسا سىرىن بىلگەننى،
ياشاشتىمۇ يولى تار ئىكەن.
يۇتتۇم دەردنى شۇندىمۇ ئۈنسىز،

ئىشەنمىدىم «ئۆسەك گەپلەر» دەپ.
مەن زۆھرەسى تۇرسام تاھىرنىڭ،
ئۆز يارىنى قانداق سەتلەر دەپ.
«ساقلىغىلى بولماس پاختىنى،
يىلىنجىغان چوغنىڭ ئىچىدە».
ئايان قىلدى ئاخىر ئۆزىنى،
ماڭا قىلغان ھەربىر گېپىدە.
يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدۈم شۇ دەم،
«قېنى مېنى زۆھرە دېگىنىڭ؟»
قىزارماستىن دېدى ئۇ ماڭا:
«ساپ پايدىغۇ كىيگەن - يېگىنىڭ،
زۆھرە دېگەن پاك قىز، بىغۇبار،
نومۇس بىلگەن شەرم - ھايانى.
ئەرزىمەيسەن زۆھرە بولۇشقا،
ئۆزۈڭ تاپقان جىمى بالانى.»
راست ئەمەسمۇ زۆھرە كىم، مەن كىم؟
لېكىن سۆيگۈم ئىدى دېڭىزدەك.
بولالمىغاچ زۆھرەدەك ئاخىر،
ئېزىلدىمغۇ ئاچچىق مېغىزدەك.
شۇنىڭ بىلەن تۇگىمىدى دەرد،
قولدىن - قولغا سېتىلدىم، ئۆتتۇم.
توۋا قىلاي ئالدىڭىزدا دەپ،
سەۋرى بىلەن بۇگۈننى كۈتتۇم.

موماموٴ كۆز يۇمۇپتۇ دەردتە،
نەپرەتلەرگە كۆمۈلدۈم قات ـ قات.
غېربلىقتىن قىسىلغان دەمدە،
سىزنى ئەسلەپ ئاۋۇندۇم پات ـ پات.
ساناقلىقلا قالدى بۇ ئۆمۈر،
جانغا پاتتى ئىپلاس كېسىلىم.
ئۇ دۇنياغا بارغاندا چوقۇم،
شاگىرت بولاي بىغۇبار پېتىم.
دېگەنتىڭىز بىر چاغ سىنىپتا:
«هايا، ئىنساب هايات يۈرىكى.
بولالىسا هەركىم ئۆز ـ ئۆزى،
بولالايدۇ ئەلنىڭ تۈۋرۈكى.»
چۈشەنگەندە هايات قەدرىنى،
كېتەر بولدۇم ئىزسىز، قەدىرسىز،
مەندىن ئىبرەت ئالسۇن باللار،
باقمايدىكەن ئىقبال ئەجىرسىز.
ئېيتىپ بېرىڭ مېهرىبان ئۇستاز،
«سۆيگۈ ئۇلۇغ» دېگەن چىن سۆزمۇ؟
پەرهاد ـ شېرىن، تاهىر ـ زۆهرەلەر،
روھىمىزغا ياتمۇ يا ئۆزمۇ؟!...
مارجان كەبى تۆكۈلگەن ياشلار،
مۆلدۈر بولۇپ تەگدى يۈرەككە.
بىۋاخ خازان بولغان گۈلۈمنى،
ئوراپ قويدۇم گۈزەل تىلەككە.»

## 3

بۇ دۇنيادىن تېپىلماس ھەرگىز،
پۇشايمانىنىڭ ئاچچىق دورىسى.
قالغان ئۆمۈر غەنىيمەتتۇر بەك،
ئارام تاپسۇن كۆڭۈل يارىسى.
ئېيتىپ بېرەي سىزگە ھېكايەت،
ئۇندا باردۇر يالقۇنلۇق سۆيگۈ.
قۇياش بىلەن زېمىنىنىڭ مېھرى،
ئەڭ مۇقەددەس ھەممىدىن ئەزگۈ:
زېمىن پەيدا بولغان چاغلاردا،
نۇر چاچاركەن كۆكتە ئون قۇياش.
ھارارەتكە چىدالماي يەر، تاغ،
يىغلايدىكەن نالە قىپ تۇتاش.
چىقالماسكەن ئادەملەر غاردىن،
تىلەركەن ھەم ئوت شار ئۆلسە دەپ.
ئون قۇياشنىڭ تەپتى بىر بولۇپ،
ئىچىمىزدە ئۇنسىز كۆيسە دەپ.
شۇندا باركەن بىر ساھىبجامال،
رۇخسارىدىن تۆكۈلەركەن نۇر،
قۇياشلار ھەم كۆيەركەن ئاشا،
لەۋلىرىدىن تۆكۈلگەندە دۇر.

ئەقىللىك قىز دەپتۇ جاكارلاپ:
«ئازاب سالدى زېمىنغا قۇياش،
كىم يوقاتسا توققۇز قۇياشنى،
يۇرىكىمىز بولغۇسى تۇتاش».
مەردانىلەر چىقىپ تالاي رەت،
تەلىيىنى سىناپ بېقىپتۇ.
ۋىسالىغا يېتەلمەي قىزنىڭ،
ھەسرەت يۇتۇپ شامدەك ئېقىپتۇ.
بىر ئەزىمەت كېلىپ بىركۈنى،
قىزغا يۇرەك سۆزىن ئېيتىپتۇ.
«نۇسرەت قۇچۇپ قايتمىغۇچە ھېچ،
غاردىن چىقماڭ» دەپتۇ، كېتىپتۇ.
يىگىت كېزىپ تاغۇ دەريانى،
ئامال ئىزدەپ، پۇرسەت كۈتۈپتۇ.
قىز غارىدىن چىقماي كۈنۇ تۈن،
يىگىتكە شان تىلەپ ئۆتۈپتۇ.
قۇياشلار ھەم كۆرەلمەي قىزنى،
تىت - تىت بولۇپ غەمگە چۆكۈپتۇ.
خىرەلىشىپ ئۈمىدسىزلىكتىن،
سارغىيىپتۇ، ھەسرەت يۇتۇپتۇ.
مۇشۇ ئىكەن يىگىت كۈتكەن كۈن،
شۇڭا ئوقنى ياغا سېلىپتۇ.
ئەڭ ئېگىز تاغ ئۈستىگە چىقىپ،

قۇياشلارغا چەنلەپ ئېتىپتۇ...
توققۇز قۇياش يوقاپتۇ تامام،
زېمىن ئۇچۇن بىر قۇياش قاپتۇ.
يانى بەتلەپ تۇرغاندا، قۇياش
زۇۋان سۈرۈپ يىگىتكە دەپتۇ:
«مەرد ئىكەنسەن، سۆيگۈڭ چىن ئىكەن،
ئەقلىڭگە ھەم ئېيتتىم ئاپىرىن،
مېنىمۇ ھەم ئاتساڭ ناۋادا،
تاپالامسەن مەھبۇبەڭ ئىزىن؟
مەندىمۇ بار بىر ئۇلۇغ سۆيگۈ،
زېمىن دەپلا كۆيىدۇ يۈرەك.
بولغاچ زېمىن كۆزى — گۈزەل قىز،
ئۈزۈلمىدى ئۇنىڭدىن تىلەك.
سەن ئاتمىدىڭ توققۇز قۇياشنى،
ئۆز - ئۆزىنى يوقاتتى ئۇلار.
تېرەن بولسا ئەقىدە - ئىخلاس،
ئالەم بەخت نۇرىغا تولار.
زېمىن ئاخىر تاللىدى مېنى،
ۋىسالىمغا يەتتىم مەنمۇ ھەم.
مىليون يىللىق بولسىمۇ ئارا،
دەردىمىزچۇن يېيىشمىز غەم».
يىگىت ھەيران بولۇپ بېقىپتۇ،
كۆكتە تۇرغان نۇرلۇق قۇياشقا.

ئۆز - ئۆزىگە بېرىپتۇ قەسەم،
قۇياش كەبى مەغرۇر ياشاشقا.
سوئال تاشلاپ دەپتۇ ئۇ يەنە:
«زېمىن تۇرسا كەڭرى بىپايان.
ھەممە جايغا يەتمىسە نۇرۇڭ،
زېمىن غەمناك بولماسمۇ ھامان».
دەپتۇ قۇياش تەمكىن بىمالال:
«ئۈزۈن سەپەر باشلايمەن بۈگۈن،
مەن قەيەرگە بارسام شۇ زېمىن،
كۆندۈز بولۇپ ئېچىلار گۈلگۈن.
ئۇخلىماسمەن، ئالماسمەن ئارام،
كۈن ۋە تۈننى بېرەي زېمىنغا .
شامال، مۆلدۈر، قار ھەم يامغۇرنى،
تەقسىم قىلاي يىراق - يېقىنغا.
زېمىنغا ئەڭ يېقىن بارغاندا،
يانتۇ قىلىپ بېرەي نۇرۇمنى،
ئايرىلغاندا زېمىندىن يىراق،
بېرەي پۈتكۈل مۇھەببىتىمنى.
گەر بولمىغان بولسا مېنىڭدە،
‹زېمىن› دەپلا تۆرەلگەن ۋۇجۇد.
ئاللىقاچان كېتەتتىم مەنمۇ،
سەنمۇ بۈندا بولمايتتىڭ مەۋجۇد.
سۆزلەپ بەرگىن ئەۋلادلىرىڭغا،

قۇياش - زېمىن مۇھەببىتىنى.
چىن ۋاپانى تەرك ئەتسە كىم،
يەر يۇتىدۇ ھامان بىركۈنى.»
قۇياش شۇنداق دەپتۇ، كېتىپتۇ،
مەغرىب تامان ئاستا پېتىپتۇ.
يىگىتمۇ ھەم ئەسلەپ يارىنى،
ماكانىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ...
ئۆتكەچ ئاي - يىلى قوغلىشىپ ئىزسىز،
ئاپئاق ساقال بولۇپتۇ يىگىت.
ئەپسۇس، ئەپسۇس... تاپالماپتۇ ھېچ
قىز يۇرتىنى، قىلالماي ئىدىت.
قۇياش تەنها قالغاچ ئالەمدە،
كۈن - تۈن، پەسىل بولۇپتۇ پەيدا.
ئۆزگىرىپتۇ قىزنىڭ يۇرتىمۇ،
كۈتۈپ يارنى يۈرۈپتۇ داغدا.
قىروۋ چۈشۈپ قۇندۇز چاچلارغا،
چېھرى سۇلۇپ مۈكچىيىپتۇ بەل.
ئۈمىد ئۈزمەي يىگىتتىن زىنھار،
ھاسا تۇتۇپ ئارىلاپتۇ ئەل.
قۇياش كۈلگەن گۈزەل بىركۈنى
كەپتۇ «موماي» بىر چىمەنزارغا.
بۇلۇتلارمۇ لەرزىگە كېلىپ،
ياش تۆكۈپتۇ «قىز»نىڭ ئاھىغا.

سىم - سىم يامغۇر چىللاپتۇ ئۇنى،
بۇك - باراقسان دەرەخ ئاستىغا.
ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي ئۇندا،
قارشى ئاپتۇ چىقىپ ئالدىغا.
تونۇش سىما، تونۇش نىگاھلار
ئايرىلىپتۇ ھوشىدىن تامام.
تېشىلگەن كەش، سۇنغان ھاسىلار،
ئۇھ، دېيىشىپ ئېلىپتۇ ئارام.
سۆزلىنىپتۇ كەچمىشلەر كۆنلەپ،
ۋىسال قۇچۇپ يايراپتۇ دىللار.
قۇياش، ساما، دەريايۇ تاغلار،
شادلىنىپتۇ چېچىپ زەر تىللا.
تۈمەن قۇشلار بەزمە قۇرۇپتۇ،
جور بولۇپتۇ چىمەنزار باغلار.
ساداقەتنىڭ بۈيۈكلۈكىگە،
باش ئۇرۇپتۇ ھەتتا تىك يارلار.
نورۇز بۇلاق بىركۈنى سەھەر،
چۆمدۈرۈپتۇ ئۇلارنى يەڭگىل.
ياشلىقىغا كەپتۇ يىگىت - قىز،
سۆيۈنۈپتۇ جىمى جاھان، دىل.
دەپتۇ شۇ چاغ قۇياش زوقلىنىپ،
سۆيگۈ ئۇلۇغ، سۆيگۈ مۇقەددەس.
زېمىن بىلەن ئىككىمىز ئەبەد،

زوقلىنىمىز سىلەرگە پەۋەس.
لېكىن بىزنى مۇقەددەس قىلغان
ساداقەت ھەم چىن ئەقىدىمىز.
بىرەلىسەك ئۆزگىلەرگە قۇت،
شۇدۇر بىزنىڭ ۋىسال بەختىمىز.

4

ئۇستاز، شاگىرت ئولتۇردۇق ئۇزاق،
رىۋايەتكە چۆكۈپ، مۇڭلىنىپ.
ھېكايىنىڭ كۈچىمۇ ئەتتەڭ،
«قىزىم»مۇ ھەم قالدى روھلىنىپ.
ئېيتىپ بەرمەك بولدى ماخمۇ،
قۇياشنىڭ بىر ھېكايىسىنى.
ئېھتىمال شۇ رىۋايەت بىلەن،
بىلدۇرمەكچى ئىرادىسىنى.
كىچىكىمدە مومام ھەر كۈنى،
ئېيتىپ بېرەر ئىدى ھېكايە.
زېرىكتۇرۇپ قويىاتتىم بەزەن،
سوراۋېرىپ سوئال زىيادە.
قىزىقسىنىپ بىر كۈن ناۋايغا،
سوئال قويدۇم دەرھال مومامغا.
نېچۈن قولى كۆيمەس ناۋاينىڭ؟

مۇنداق جاۋاب ئالدىم سوئالغا:
«بولغان ئىكەن زامان ئەۋۋەلدە،
بىغەملىككە چۆككەن بىر ماكان.
شۇ ماكاندا بىر غېرىب كىشى،
قىيىنلىپتۇ ئاچلىقتىن يامان.
بىركۈنى گۆش تاپقان بىچارە،
پىشۇرالماي چېپىپتۇ ھەريان.
ئۆي - ماكانسىز تۈزدە قالغانغا
ئاھ ئۇرۇپ كۆپ چېكىپتۇ پىغان.
يۈتكەنمىكىن تاشتىن يۈرەكلەر،
ھېچكىم ۋاپا قىلماپتۇ ئاڭا.
ئىشىنەلمەي قاپتۇ كۆزىگە،
كۆرۈپ تۇرغاچ ھەممىنى ساما.
شۇ چاغ قۇياش كەپتۇ لەرزىگە،
يەتمەك بوپتۇ غېرىب دەردىگە.
كۆيدۈرۈپتۇ ھەممىنى تامام،
مەھكۇم قىپتۇ ئاچچىق - قەھرىگە.
پەقەت ئامان قاپتۇ بىچارە،
مەيىن شامال بېرىپتۇ ھۇزۇر.
كاۋاپ تەييار بولۇپ قولىدا،
كۆۋەجەپتۇ خۇشلۇقتىن تومۇر.
ئىشتەي بىلەن يەپتۇ كاۋاپنى،
شۈكۈر ئېيتىپ تەڭرىگە مىڭ رەت.

ئەتراپقا زەڭ ساپتۇ شۇندىلا،
كۆل بولغانمىش جىمى جان قەۋەت.
شۇ چاغ يېتىپ ئىشنىڭ تېگىگە،
ئۆكۈنۈپتۇ ئۆزىنى قارغاپ:
«شەخسىيەتچى ئىكەنمەن ئەسلى،
قىلىپتىمەن ھەممىنى خاراب.»
قۇياش شۇ چاغ دەپتۇ ئۇنىڭغا:
«ئەيىبلىمە ئۆزۈڭنى زىنھار،
تەرك ئەتسە ۋاپانى ھەركىم،
ھاياتلىقى قىلىنار ئىنكار.»
ناۋاي قولى كۆيمەيدىغان ئىش،
شۇندىن بۇيان قالغانمىش ئۇدۇم.
گەپقۇ ناۋاي ئۇستىدە ئەمەس،
مېھرىڭىزدىن ئىللىدى كۆڭلۇم.
ۋاقىت قىستاپ تۇرغاچ تىنىمسىز،
خۇش دېمەسكە بولمىدى ئامال.
ئۇستاز، شاگىرت قەلبىدە بىر كۈي،
يۈرەكلەرنى قىلماقتا قامال.

5

بارماقتىمەن مەنزىلىم تامان،
ئايىغىمدا ياتار ئۇزاق يول.

گاھى روشەن، گاھىدا مەۋھۇم
ئالۋۇن كەبى يېتىلەر بىر قول.
يول بويىدا ئولتۇرار سائىل
ئىنساب تىلەپ ھەربىر يۇرەككە.
كۆڭۈللەردىن تۆكۈلگەن مېھىر،
يەتكۈزمەكتە ئۇنى تىلەككە.
شەپەق غەمكىن قاراپ زېمىنغا:
«ئادەملەردىن رەنجىمە» دېدى.
سۆيگۈ باركەن تېخى قېنىدا
توختىشىدۇ ھامان بىركۈنى.
مەنمۇ بەردىم ئىللىق مۇھەببەت
ھاجەتمەنگە ئەگدىم بېشىمنى.
ماڭىمۇ ھەم يەتتى چىن ۋاپا،
قۇياش سۆيدى كۆڭۈل بېتىمنى.
يورۇپ كەتتى خىرە دىل خانەم،
گۈزەل بولۇپ تۇيۇلدى ھايات.
چۈشكۈنلۈككە پاتسىمۇ ئالەم
مۇھەببەتتىن ياسايمەن قانات.
ئويلاپ قالدىم زېمىن ئالدىدا
دوستلىرىمغا بەرگىنىم نېمە؟
ئۆزگىلەردىن رەنجىيمەن نېچۈن؟
ۋاپا ئۈچۈن قىلغىنىم نېمە؟
زېمىن ياشاپ كەلدى ئەزەلدىن،
تاقەت قىلىپ تەگسىز خورلۇققا.
تەۋپىق تىلەپ ئۆتتى سۈكۈتتە،

ئادەمدىكى نىيەت ـ شۇملۇقتا.
زېمىن كەبى بولالمىسامۇ،
زېمىن بەرگەن غۇرۇر مەندە بار.
قۇياش، زېمىن سۆيگۈسى تۇغقان،
گۈلخان كەبى سۆيگۈ تەندە بار.
چىن ۋاپانى ئۆلدى دەيدۇ كىم؟
ئۇ ياشنايدۇ ئادەم بىلەن تەڭ.
بۇڭا مىسال بىر ھېكايەت بار،
ۋۇجۇدىڭىز ئۇرار چوقۇم لەڭ.
بولغان ئىكەن بۇرۇن بىر قوۋم،
ياشار ئىكەن ئىناق، ئۆم بولۇپ.
ھالاۋەتتە ئۆتسىمۇ كۈنلەر،
تۇرىدىكەن سۆيگۈگە تولۇپ.
بايقىلىپتۇ كۈنلەردىن بىر كۈن،
بىر نەس كېسەل بۇ يۇرت ئىچىدە.
ئايرىلىپتۇ ئەزىز جېنىدىن،
نۇرغۇن ئادەم نەچچە كېچىدە.
جان قايغۇسى قاقشىتىپ ئەلنى،
غەم دەشتىدە قىلىپتۇ سەرسان.
نە سەۋەبتىن چىقتى شۇم ۋابا،
چارە ئىزدەپ چېپىپتۇ ھەريان.
بىر ئاقساقال باركەن دانىشمەن،
قوۋمى ئۇچۇن جېنى ئاتالغان.
يۇرت ئىچىدە شۆھرىتى چەكسىز،
ئەل ـ ۋەتەننىڭ كۆزى سانالغان.

دەپتۇ بىر كۈن قوۋمنى يىغىپ:
«ئەي ئەزىزلەر، سىلىڭلار قۇلاق،
جانغا پاتتى بۇ ۋابا كېسەل،
ئۆلۈم بىزدىن ئەمەستۇر يىراق.
لېكىن كەتسەك ھەممىمىز شۇنداق،
نىشانىمىز يوقايدۇ ئىزسىز.
تاپالمىساق ياخشىراق ئامال،
قۇرۇپ تۈگەر مەۋجۇتلۇق - يىلتىز.»
روھلىنىپتۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن،
ئۇمىد شامى ئۆچكەن جامائەت.
«جان قايغۇسى» قاپتۇ بىر ياقتا،
ئەۋلاد غېمى بوپتۇ كارامەت.
تەكشۈرۈپتۇ ئاقىل دانىشمەن،
يوپۇرماقتا سىناق قىپ ئەلنى.
ئايرىيدىكەن بىر خىل يوپۇرماق،
بۇ قوۋمغا يۇققان كېسەلنى.
ئون ئىككى ياش بىر قىزچاق بىلەن
سەككىز ياشلىق بىر ئوغۇل بالا،
خالىي ئىكەن نىجىس كېسەلدىن،
يۇقماپتىكەن بۇ ئىپلاس بالا.
خۇش بولۇپتۇ جىمى قېرىنداش،
چەك ئايرىپتۇ ئىككى بالىدىن.
ساقلاپ قالماق بولۇپ ئەۋلادنى،
كەچمەك بوپتۇ دەرھال جانىدىن.
دەپتۇ شۇندا ئاقساقال چىقىپ:

«ئوت ئىچىدە كۆيەيلى پۈتۈن.
كەتسە كېسەل بىز بىلەن تامام،
ئەلادىمىز يادلايدۇ ئۆگۈن.
يوغان ئورا قازايلى ئاۋۋال،
ئوتۇنمۇ ھەم يىغايلى دۆۋە.
خوشلىشايلى ھاياتلىق بىلەن
گۇناھلارغا قىلغانچە تۆۋە.»
ماقۇل كەپتۇ ھەممىسى بىردەك،
«ئىككى بالا» ئۈچۈن تىكىپ جان.
«بىزمۇ بىللە كېتەيلى» دەپتۇ،
چىدالماستىن بالىلار شۇئان.
دەپتۇ شۇ چاغ ئاقساقال ۋەزمىن:
«ئەڭ ئېغىر يۈك قالدى سىلەرگە.
تامچىدىن كۆل بولىدۇ ھاسىل،
باش ئەگمەڭلار مۈشكۈل كۈنلەرگە.
نە سەۋەبتىن يۇقتى بۇ كېسەل،
ئېيتىپ بېرەي ئىبرەت ئېلىڭلار.
چەكتىن ئاشقان مەئىشتىمىز،
ھالاك قىلدى بىزنى بىلىڭلار.
ئىلىمنى ئاش - تاماق بىلىڭلار،
ۋاپانى جان - پاناھ بىلىڭلار،
ئەدەپنى كۈچ - ياراغ بىلىڭلار،
تىلنى روھىي چىراغ بىلىڭلار.»
تامامىلاپتۇ بوۋاي سۆزىنى،
ئېتىپتۇ ئوت تامان ئۆزىنى.

ھاياجاندا قۇياش ۋە زېمىن،
«رەھمەت» دەپتۇ ياشلاپ كۆزىنى.

× × ×

پەخىرلىكمەن ئۇستاز بولغاچقا ،
سۆيۈنىمەن بوغۇنلىرىمدىن.
ئەپۇ قىلىپ ئۆتىمەن ئەبەد،
«قان كەتسىمۇ بۇرۇنلىرىمدىن.»
بولمىسامۇ قۇياشتەك ئوتلۇق،
كۆيەلەيمەن يالقۇنجاپ ھامان.
بولمىسامۇ زېمىندەك چەكسىز،
ئاقالايمەن يۈرەكلەر تامان...
پاياندىز قىپ سالاي بىر ئۆمۈر،
ئەل سۆيگەنگە ئىللىق باغرىمنى.
ئەۋلادلارنىڭ جۇدۇن ـ قىشىغا،
تېگىشەي مەن باھار، يازىمنى.

2005 ـ يىلى

# ئانا

ئانىنىڭ قەلبىدە چاقنايدۇ قۇياش،
ئانىنىڭ روھىدا يالقۇنلۇق هايات.
ئانىنىڭ ئەللىيى كېزەر ئالەمنى،
ئۈمىدسىز دىللارغا بېرىدۇ قانات.

ئانا دەپ كۆيلەيمىز تەپتىدىن ئېرىپ،
بەرگۈمىز كېلىدۇ يۈرەكنى يېرىپ.
ئاھ، ئەپسۇس، ئۇنتۇيمىز بۇرچىمىز نېمە؟
ئاڭغىچە ئانىمىز قالىدۇ قېرىپ.

تاللاشقا پۇرسەت بار ھەممىنى باشتىن،
مۇمكىنمۇ يەنە بىر ئانىنى تالاش.
چوكۆپ باق ئاناڭنىڭ ھەسرەتلىرىگە،
بولۇرسەن شۇندىلا ئادەمگە قاياش.

2005 ـ يىلى ماي

# تۇمارىس

(داستان)

سەن يالقۇنۇمدىن چىققان نۇر ئەمەسمىدىڭ؟
ئەقىل ـ پاراستىمگە قانداش روھ ئەمەسمىدىڭ؟

نىتزى

## 1

ھەسرەتلىك بىر ئانا بار، باغرى قان شۇنچە،
ئۆتەر تۈنلىرى ئازاب، تەشۋىشتە.
تۈندەك ئېغىر
تۈندەك قاپقارا
باسىدۇ بىر ئوي ئانىنى ھەردەم.
بەختسىز ئانا
بوسۇغىدىن كېتەلمەي نېرى،
بەڭباش قىزىنىڭ يولىغا قاراپ،
ئۆز ـ ئۆزىگە قويۇلغىنىچە،
تولغىنىدۇ، چېكىدۇ ئەلەم.
ئۆرتىگەچكە ئانىنىڭ مۇڭى،

يۇلتۇزلارنىڭ باغرىنى چەكسىز،
يۈرىكىگە ئاقار تارام‌لاپ
ئانا بوسۇغا تىرىگەن كۆنى،
مەھەللىنىڭ چېتىدىكى ئۆي،
بۈگۈن يەنە ياندى پىلىلداپ.
ئاپئاق لېچەك ئېچىدە ئانا،
سەلدەك ئېقىپ مۇناجات ئوقۇپ
ئولتۇرىدۇ تىنماي شىۋىرلاپ.
ئېغىر - ئېغىر قارا بۇلۇتلار،
سىغدىلىشتى تۈننىڭ قوينىغا.
پاتمىغاندەك قەلبىگە ئەلەم
پارتلىدى ھاۋا بىردىنلا.
«يالت - يۇلت» قىلىپ تۈن پەردىسىنى
نۇر خەنجىرى — ساماۋى شەمشەر
تىلىپ ئۆتتى دەرغەزەپ.
ئويغا پاتقان زېمىن باغرىنى
ئەسىر قىلىپ ئەنسىزلىك بىر پەس
تېلىقىشتا قالغان مەھەللە
ئالالمىدى دەقىقە نەپەس.
«گۈر - گۈر» قىلىپ موتورنىڭ ئۈنى
يەر تېگىدىن چىققاندەك گويا
بېسىپ كىردى غېرىب كۆلبىگە.
زارىققان ئانا

مۆدۈرۈپ قوپۇپ
ئوقتەك چىقتى ئىشىك ئالدىغا.
ئىككى دەستە نۇر،
قامال قىلغاچ گۈنىسىز كۆزلەرنى،
كۆرۈنمىدى ھېچنېمە.
كۆرەلمىدى
ئوت پۈركۈگەن مەخلۇقنى،
بىلەلمىدى
ئايىغىغا تاشلانغان نېمە؟
— ئاھ!...
ۋاقىت توختاپ قالغاچ بىردەملىك،
ئانىمۇ ھەم كەتتى سېزىمدىن،
سەدپارە بوپ تىتىلغان يۈرەك،
رەھىمسىز «گۈر - گۈر»دىن،
يانجىلىپ كەتتى يەنە بىر رەت.
ئاھ ھەسرىتا،
بىچارە ئانا!
ئازاب يۇتتى قەۋەت - قەۋەت،
مۇڭغا پاتتى ئىزگۈ تىلەك.

2

— ئا ... نا
ئانا ...

ئايانچلىق بىر ئاۋاز
ئانىنىڭ روھىنى تەرمەكتە ئاستا.
— ئانا ...
ئا...نا
يېقىملىق بىر مۇڭ
ئانىنىڭ
مۇزلىغان قوللىرىغا،
قاتقان لەۋلىرىگە سۆيمەكتە ئاستا.
— ئا ... نا
ئانا ...
قۇتقۇزغىن مېنى،
باغرىڭغا ئال.
ئازغۇن قىزىڭنى...
مۇڭلۇق ئىلتىجا
ئانىنىڭ تومۇرىغا قويۇلدى ئاستا.
يىرتىلغان يۈرەك
ئوت ئېلىپ شۇئان
گۈلخان بولۇپ كۆيدى بىردىنلا.
— ئانا...
— قىزىم، تۇمارىس قىزىم!
نېمە بولدۇڭ قارا كۆزلۈكۈم؟!
نە سەۋەبتىن يېرىلدى بېشىڭ؟
ئاقمىسمۇ سەندىن مۇنچە قان،

قالمىغانغۇ تومۇردا قېنىم.
— ئۆز - ئۆزۈمگە قىلدىم جان ئانا،
قارا يۈزمەن ئىككى ئالەملىك.
باغرىڭغا ئال ئاخىرقى نەپەس،
ئۆتسىمۇ گەر مەندىن سەۋەنلىك...
ئېلىپ كىردى ئانا قىزىنى
مۇشەققەتتە يۇمشاق تۆشەككە.
تۇمەن يىڭنە سانچىلدى شۇدەم،
ئاران تۇرغان ئاجىز يۈرەككە.
ئۆكسۈپ تۇرۇپ ئاجىز شام نۇرى،
ئانىسىغا كۆرسەتتى قىزنى.
تۆكۈلگەن چىش
يېرىلغان باشلار
ۋە يەنە قولدا كۆيۈكنىڭ ئىزى...
سەن شۇمۇ ئەمەسمۇ بىچارە قىزىم؟
چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ ھېچ بىلەلمىدىم.
سەل بولۇپ ئېقىپتۇ ئانا چىدالماي،
ھوشىنى بىر يىغىپ، بىردە يىغالماي.
— بىچارە موماي، — دەپتۇ شام ئويلاپ، —
ئېلېكتىر ھېلىمۇ قاپتىكەن ئۆچۈپ.
قىزىنىڭ ھالىنى كۆرسە يورۇقتا،
ئانىنىڭ روھى
ئاللىقاچان كېتەركەن كۆچۈپ.

— ئانا... ئانا
— قىزىم
شېرىن بىر مۈڭ تارالدى ئۆيگە،
بىھوش ئانا يىغدى ئېسىنى.
بىر قولىنى ئون قىلىپ يۆگۈرۈپ،
پەرۋىشىگە ئالدى قىزىنى.
چېكىپ قالدى ئىشىكنى شۇ چاغ،
«مەن ئەزرائىل» دېدى ۋە يەنە.
«ئامانەتكە كەلدىم ئالغىلى،
قىزىڭ ئۈچۈن ئەمدى غەم يېمە.»
«رەھىم قىلغىن قېرى جېنىمغا،
قانداق چىداي ئۆچسە كۆز نۇرۇم.
ھاياتلىق بەر ئۇنىڭغا بىر رەت،
ئادا قىلاي ئانىلىق بۇرچۇم.
گۇناھ بىلەن كەتسە شۇ پېتى
قىيامەتتە قارىغۇ يۈزۈم.»
بولدى پەرمان...
قايتتى پەرىشتە.
ئانا ئۆتتى يەنە پەرۋىشكە.
جېنىم قىزىم، ئاچقىن كۆزۈڭنى،
يالغۇز ئاناڭ قالمىسۇن داغدا.
ئۆچسە ھايات شامىڭ تەرەپبال،
بۇلبۇل قانداق سايرىغاي باغدا.

چىمەنزارىڭ بولاي جان قىزىم،
كۆچ - مادارىڭ بولاي، جان قىزىم،
نومۇس - ئارىڭ بولاي، جان قىزىم،
ۋاپادارىڭ بولاي، جان قىزىم.
ئىسسىققىنا ئوتلا چىپىمدىن،
بىرلا تېتىپ كۆرگىن ئېشىمدىن،
بىر بۆردا يەپ قويغىن نېنىمدىن،
مېنى تاشلاپ كەتمە يېنىمدىن .
— ئانا ...
قۇتقۇزغىن مېنى.
— كۆزۈڭ ئاچقىن، ئويغانغىن
مەن يېنىڭدا جان قىزىم.
تۇمشۇقلۇققا چوقۇتماي،
قاناتلىققا سوقتۇرماي،
قوغدالمىدىم يالغۇزۇم.
ئانا شۇنداق دەپتۇ زارلىنىپ،
باھار بۇلۇتىدەك تۆكۈپتۇ كۆز ياش.
بىھوش قىز كۆزىنى ئېچىپ ئاستىلا
ئانىسىنىڭ سولغۇن چېھرىگە بېقىپ،
نادامەت ئوتىدا مىڭ كۆيۈپ يېنىپ،
زەخمىناك لېۋىنى ئېچىپ مۇشكۈلدە،
دەپتۇ ئانىغا:
— كەچۈر ئانىجان

ھېچ راھەت كۆرمىدىڭ مېنى چوڭ قىلىپ.
— جان پارەم كۆزۈڭنى ئاچتىڭ مىڭ شۈكۈر،
ئۈمىدسىز دىلىمغا يېقىلدى چىراق.
سۆزلىمە، ھېچنىمە دېمىگىن ئەمدى،
تىلمىسۇن باغرىمنى ئەجەللىك پىراق.
— قەدىرلىك ئانىجان
تۇزكور بولدۇم سۈتۈڭ ئالدىدا،
تۇزكور بولدۇم ئەلنىڭ ئالدىدا،
قارا قىلغاچ ئاپئاق يۈزۈڭنى
نومۇس ئىچىدە يۈردۈڭ دالدىدا...
— سۆزلىمىگىن، ئايا جېنىڭنى
كېچىكسەڭمۇ چۈشەندىڭ مانا
ئامان بولساق ئەزىز قۇلۇنۇم،
يېيەلەيمىز ئەلنىڭ غېمىنى.
— ياق،
باغرىڭنى چاك قىلما ئانىجان،
ۋۇجۇدۇڭ كۆيۈپ،
دىلىڭ ئۆرتىنىپ،
يۈرىكىڭ يىغلاپ،
لېۋىڭدە كۈلۈپ.
مەلھەم سۈرسەڭمۇ روھىمغا ئانا
باقىيغا سەپەر قىلار ئەمدى بۇ جان.
تەندىكى يارا ئەمەستۇر ھېچ گەپ،

دىلدىكى يارا كۆچەيدى ئەدەپ.
بىر جان، بىر تەن تۇرۇقلۇق دائىم
مۇڭداش بولۇپ،
دىلداش بولۇپ،
بولالمىدىم روھىڭغا تىرەك.
مەن ئۆچۈنلا يەپ كەلدىڭ ۋايىم.
شۇڭا
ئاخىرقى دەمدە
مۇڭداشقۇم بار
نەپىسىم قالغۇچە.
چۆچەكلىرىڭنى
ئەللەيلىرىڭنى
ئېيتىپ بەرگىن ئاغزىڭ تالغۇچە...
«تۇمارىس» دېگەن ئۇلۇغ نامنى
نېچۈن قويۇپ قويغانسەن ماڭا.
تۇمارىسنىڭ رىۋايىتىنى
ئاخىرقى رەت ئېيتىپ بەر يەنە.
ـــ جان - جىگىرىم، جان قوزام
ئۆرتىدىڭغۇ يۈرەكنى
«مىڭ بىر كېچە» بولسىمۇ
ئورۇنلايمەن تىلەكنى.
ئانا شۇنداق دەپتۇ روھلىنىپ،
رىۋايەتكە ئاستا چۆكۈپتۇ،
ئارمىنىنى بىللە تۆكۈپتۇ...

# 3

مۇندىن تالاي ئەسىرلەر بۇرۇن،
جاھان سوراپ ئۆتۈپتۇ بىر شاھ ،
ئىسمى ئىكەن ئۇنىڭ تەڭرىقۇت.
ئادالەتتە تاپقاچ كامالەت
رازى ئىكەن جىمىكى ئەل - يۇرت.
«ئوغۇز» دېسە باش ئېگىپ دۇنيا،
چاچار ئىكەن قۇياش زەر تىللا.
شۆھرەتلىك شۇ شاھنىڭ ئىزى بوپ
«ئوغۇزخان»دىن كېيىن تۇمارىس
تونۇلۇپتۇ غەيۇر شاھ بولۇپ.
تۇمارىس
كۆز ئاچقاندا يورۇق دۇنياغا،
شادلانغانىكەن ئاسمانۇ زېمىن،
يايرىغانىكەن دەريايۇ دېڭىز.
لال بولغانىكەن
ھەتتاكى
دەججال.
كۆلدىكەن ھەقنى كۆرگەندە،
تۆكۈلەركەن لېۋىدىن رەيھان.
يىغلايدىكەن ناھەق ئىشلارغا

چۈشەر ئىكەن
كۆزلىرىدىن كەھرىۋا مارجان.
خۇرسەن بولۇپ خىسلەتلىك قىزدىن،
تالاي ئارمان پۈكۈلگەن ئىزدىن.
«تۇمارىس» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ،
بولغاچ جىمى ئەلنىڭ خۇشلۇقى،
مۇبارەكلەپ تەۋەرۈك جاننى،
تۇمەن - تۇمەن چارۋا سويۇپتۇ.
شاھ دەپتۇ خانىشىغا بىركۈنى شۇنداق:
«ئوخشىماس تۇمارىس ھېچبىر بالىغا،
قوشۇلسۇن ئەقلىگە سىزنىڭ ئەجرىڭىز،
موھتاجدۇر قىزىمىز چېچەن ئانىغا.
جاھاننى سورىسۇن
بۈيۈك شاھ بولۇپ،
قۇياشنى دورىسۇن
سۆيگۈگە تولۇپ.
ئاندەك ئانا بوپ ئۆچمىسۇن روھى،
ياشىسۇن ئوغۇزنىڭ روھىنى قۇرۇپ،
شۇندىلا رازى بوپ كۆلەر يىلتىزىم.
ئۇلۇغ شاھ —
باتۇر تەڭرىقۇت
دەر شۇ چاغ:
«تۇمارىس — تومۇرۇم، ئىزىم».

شاھ ئارزۇسى بىلەن تۇمارىس
چوڭ بولۇپتۇ غەيۇر، زەبەردەس.
ئەسلىدە،
خانىش
ئانا بولغاچ قالتىس بىر ئانا،
قىزىمۇ ھەم
قەلەم - ئەلەمدە
پەزىل - ھىممەتتە
تەڭدىشى يوق باھادىر بولۇپ
جىمى ئەلدە قوزغاپتۇ ھەۋەس.
ئوۋ يېرىدە تۇمارىس دېسە
تىترەيدىكەن قاپلانمۇ دىر - دىر.
كۈرەشلەردە تۇمارىس دېسە
يېرىلاركەن رەقىب يۈرىكى،
تىز چۆكەركەن مىڭلاپ باھادىر.
لاتاپەتتە بولغاچ يېگانە،
ئۈيىلاركەن چولپان ئۆزىدىن
باغرى قان بۇلبۇل،
ئېرىيدىكەن تاتلىق سۆزىدىن.
غەزەپلەنسە نەرە تارتىپ گەر،
مىڭ بىر يولتۇز
ئوت چاچاركەن چولپان كۆزىدىن.
دولقۇنىدا ۋاقىتنىڭ يىللار

لەك ئۇرۇپتۇ نۇردەك ئۆتۈپتۇ،
شاھ ۋارىسى بوپتۇ تۇمارىس.
چۈنكى،
شاھلىق
ئۇنىڭغا خوپ ئىكەن مۇناسىپ.
كارامەت ئىشلار...
قوزىلاپتۇ قويلار ئۈچ - تۆتتىن،
قۇلۇنلار بوي تارتىپتۇ ئايدا،
بۆرە بىلەن ھەتتا شىر - يولۋاس
قوزىلارنى بېقىپتۇ سايدا.
تەھسىن ئېيتىپ ئايال پاناھقا
نۇرغۇن ئەللەر بولۇپتۇ قاياش.
ئۇ —
ئايال ئىكەن بەكمۇ ۋاپادار،
پەرزەنتلەرگە كۆيەر يۈرەكتىن.
ئادەم نېمە؟
ھاياتلىق نېمە؟
سىڭدۈرمەك بوپ تومۇرلىرىغا
تۈن - تۈنلەردە بولۇركەن بىدار.
ئۇ —
بىر پادىشاھ
ئادالەتتە قۇچقان ئالەمنى.
ئۇ —
بۈيۈك ئايال

يۇرىكىدە كۆيگەن دۇنيانىڭ.
ئۇ ــــ
مۇقەددەس ئانا،
شاھلارنىڭمۇ ئۇلۇغ ئانىسى،
ئادەملەرنىڭ سەرخىل داناسى.
تۇمارىس ــــ تەڭرىقۇت
تۇمارىس ــــ ئايال
تۇمارىس ــــ ئانا
تۇمارىس ــــ ۋەتەن
تۇمارىس ــــ دۇنيا ...
تۇمارىس ــــ ھەممە ...
شۇندىن بۇيان
ئەل قەلبىگە چېكىلگەن بۇ نام،
تىلتۇمار بوپ قالغانكەن شۇڭا.
شۇندىن قاپتۇ ئەلنىڭ دىلىدا:
«جەننەت ياتار
ئانىنىڭ ئاياغىدا» دېگەن تامغا.

4

چۇشلىرىنى بۇزۇپ زامانىنىڭ
پارس شاھى ــــ
كەيخىسراۋ

چاغلىيالماي قاپتۇ ئۆزىنى.
كۆز قىزارتىپ بەختى كۆلگەنگە
ئەلچى بىلەن يوللاپ سۆزىنى،
تۇمارىسقا ـــ
شاھى جاھانغا
دەپتۇ:
«جۈپ بولساق،
ئىككى ئەلنى بىللە سورىساق.
قوشۇلمىساڭ لەكمىڭ قوشۇنۇم،
ئۆچۈرىدۇ ئىزىڭنى چوقۇم.»
دەرغەزەپ بوپتۇ تۇمارىس شۇدەم
بۇ ھاقارەتتىن چىكىپتۇ ئەلەم.
ئۇ ئوي ئىچرە تەپەككۇر ئەيلەپ،
سىزىپتۇ خىسراۋنىڭ نىيتى باشقا.
قەلبىدە مۇھەببەت كۆيگەن ئادەمدە،
بار بولۇر يەتكۈدەك مېھىر ئالەمگە.
مەن ئەمەس، ۋەتىنىم ئۇنىڭ تالىلىشى،
ئۇرۇشقا چىللاشتۇر جىمى يازمىشى.
يىغىپتۇ بەگلەرنى چوڭ كېڭەش ئېچىپ،
خىسراۋنىڭ نامەسىنى قىلىپتۇ بايان.
ـــ ھاقارەت
ـــ خورلۇق
ـــ ...

— ئۇرۇش بىلەن ئەدەپلەيلى كۆرەڭنى،
تېرىسىگە سىغماي قالغان بىزەڭنى.
چۇقان سالپتۇ غەزەپلىنىپ ئەمىرلەر،
كۆرسىتىپتۇ ئۆزى بىلگەن تەدبىرلەر.
شۇ چاغ شاھ پاناھ ئويلىنىپ ئۇزاق
پاراسەت جەۋھىرىدىن قىلىپتۇ ئايان:
«قانخور ئەمەس بىز،
نامەرد ئەمەس بىز،
يول قويايلى ئۇلارغا چەكسىز.
ئۇرۇشماقچى بولسا ئەگەردە،
ئۆت دەريادىن، دېسە ئۆتەيلى
ئۇرۇش بولسۇن ئۇلار يېرىدە.
بىز تەرەپتە ئۇرۇشماق بولسا،
كېتىپ تۇرۇپ ئۈچ كۈنلۈك يىراق،
جەڭ قىلايلى ئۆز يېرىمىزدە.
مەغلۇپ بولۇش بولمىسۇن بىراق»
نامە پۈتۈپتۇ خىسراۋغا شۇنداق.
ياۋغا قارشى
سۆيگۈ بىلەن سەپ تۈزۈپتۇ
تېخمۇ ئىناق.

× × ×

ئايال شاھنىڭ نامەسىن
ئاپتۇ خىسراۋ قولىغا.
ئۇرۇشماقنى پىلان قىپتۇ،
ئارساكتىن ئۆتمەك بوپتۇ.
نىشانلاپتۇ جەڭگاھنى
تۇمارىسنىڭ يۇرتىغا.
باشلىنىپتۇ چوڭ يۇرۇش
ئاتلىنىپتۇ زور قوشۇن
خىسراۋ بىلەن قان ئىچىشكە.
ئاچچىق توزان
تۇتۇلغان قۇياش
ھالسىرىتىپ زېمىن باغرىنى
ھالسىزلىققا پېتىپتۇ ئاستا.
ئېچىرقىغان روھ
تامشىپ
شوراپ
گۈزەل ۋادىنى،
خازان قىپتۇ لالىزار باغنى.
ئارساكتىن ئۆتۈپتۇ قوشۇن
رەھىمسىز ئىستەك
مىڭ ئىبلىس بوپ توغۇلغان چاغدا.

# 5

كەيخىسراۋ
كۆرەڭلىك بىلەن
قەدەم ساپتۇ ماساگىتلار ئېلىگە.
يۇتماق بولۇپ بۇ ئەلنى پۈتۈن،
يۈرىكىدىن ئۆرلىتىپ تۈتۈن،
بىر نومۇسسىز پىلان تۈزۈپتۇ،
ھىيلىسىدىن تۇزاق قۇرۇپتۇ.
تەييارلاپتۇ كاتتا زىياپەت،
ھەم قالدۇرۇپ بىر بۆلەك قوشۇن،
ئۆزى قالغان قوشۇننى باشلاپ،
بارگاھىنى ئارقىدا تاشلاپ،
ئاتلىنىپتۇ جازا يۈرۈشكە
غەلىبىنىڭ پەيزىن سۈرۈشكە.
ماسساگىتلار كەپتۇ باستۇرۇپ،
قالدۇرۇلغان دۈشمەن ئۈستىگە.
قىرىپ تاشلاپ ھەممىنى پۈتۈن،
تەنتەنە قىپ غەلىبىسىنى
«ئۆز رايى» بىلەن
يىقىلىپتۇ تۇزاق ئىچىگە.
نازۇ نېمەت

ئىسىل شارابلار ...
نەپس
ئايلاندۇرۇپ ئۇلار بېشىنى،
ئاپتۇ تەندىن ئەقىل - ھوشىنى.
كۆتۈپ تۇرغاچ شۇنى كەيخىسراۋ
قايتىپ كېلىپ ئاپتۇ ھېسابىنى.
ئۆلتۈرگەندەك باغلاقتىكى يولۋاسنى
قەتل قىپتۇ، ئېلىپتۇ ئەسىر،
بىھوش جانلارغا قىلىپتۇ جەبىر.
قۇزغۇن كەبى تويغان نەپسى كېرىلىپتۇ
غەلىبە قىلماق ئىستىكىدە يېنىپتۇ.
بۇنى ئاڭلاپ ئايال پادىشاھ
تىپىرلاپتۇ، غەمگە چۆكۈپتۇ.
چۈنكى،
ئەسىر بولغان باتۇر قوماندان
سىپارگاپىرىز —
تومارىسنىڭ ئوغلىكەن.
تەڭدىشى يوق باھادىر بولغاچ،
ئانىسىنىڭ پەخرى، روھىكەن.
قەھرى تۇتقان تومارىس شۇدەم،
ھايالشماي مەكتۇپ پۈتۈپتۇ.
كەيخىسراۋنىڭ نامەردلىكىدىن
ئۆكۈنۈپتۇ، قاتتىق سۆكۈپتۇ:

«قانخور كەيخسراۋ
ماختانمىغىن قىلغان ئىشىڭدىن،
يېڭىلمىدى ئوغلۇم سېنىڭدىن.
شاراب بىلەن قۇردۇڭ تۇزاقنى،
كۆرەلمىدىڭ ھەرگىز ئۇزاقنى.
جان تومۇرۇم — ئوغلۇمنى
ئەسىر قىلدىڭ،
بىر ئانىنىڭ يۈرىكىنى داغ قىلدىڭ.
دەرھال تاپشۇر ئوغلۇمنى
كېتىۋالغىن ئېلىڭگە.
كۆنمىسەڭ گەر شەرتىمگە،
قانغا تويماس نەپسىڭنى،
كۆرستىمەن كۆزۈڭگە.»
تۇمارىسنىڭ سۆزىگە
ئېرەن قىلماي كەيخسراۋ،
ئىستىگەچكە ئۇرۇشنى،
تەڭداشسىز شاھ بولۇشنى
قوشۇنىنى يىغىپتۇ،
جىددىي پىلان تۈزۈپتۇ.

× × ×

سىپارگاپىرىز —
ياش بالا
كۆرەشلەردە باش بالا
سېزەلمىگەچ ھىيلىنى
ياۋنىڭ رەزىل سىرىنى
ئەسىر بوپتۇ،
ئاھ ئەپسۇس!
بۇ ئۇنىڭغا چوڭ نومۇس.
ھوشى كەتكەن قوماندان
ئويغىنىپتۇ ئەتىسى،
خەۋەر تېپىپ ھەممىدىن
ئۆكۈنۈپ كەم ئەقلىدىن.
نومۇس ئىچرە كۆيۈپتۇ،
بىر ئەمەس مىڭ ئۆلۈپتۇ.
ئۇ دەپتۇ كەيخىسراۋغا:
باتۇرمىكىن دەپتىمەن.
ئەسلىي نامەرد ئىكەنسەن،
ئۆز ۋەتىنىڭ ئۇچۇنمۇ
تېنى زەھەر تىكەنسەن.
ئەي بىچارە شاھ
ئەركەك تورقۇڭ بولسىمۇ
ھەتتا
بىر ئايال بىلەن
مۇناسىپ ئەمەسسەن

جەڭ قىلىشقا.
ئەر بولساڭ ئەگەر
قويۇۋەت مېنى
يۈرەك بارمۇ شۇنداق قىلىشقا؟!...
غەزەپلىنىپ كەيخىسراۋ
لەۋلىرىنى چىشلەپتۇ
ئۆزىچە مەرد بولماق بوپ
يەشتۈرسىمۇ باتۇرنى
ئۇزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ.
سىپارگاپىرىز
مەردانە بالا
نومۇس قىلىپ خاتالىقىدىن
ئەزرائىلنى چىللاپتۇ ئۆزى
قاپتۇ پەقەت مۇنداق بىر سۆزى:
كەچۈر بۈيۈك شاھ
ئەزىز ئانىجان
بىغەملىك ئىكەن
ھەممىدىن يامان...

6

ئانا دىلى تۈيۈپتۇ،
جۇدالىقنى بىلىپتۇ.
پەرزەنت ئۇنىڭ قەلبىنى

پاره - پاره قىلىپتۇ.
غەزەپلىنىپ ئايال شاھ
سەپ تۈزۈپتۇ قايتىدىن.
قىساس
قىساس ئوتى كۆيدۈرۈپتۇ تېنىنى،
مۇڭلۇق كۆيلەر تۆكۈپتۇ دىل تارىدىن.
جەڭ بولۇپتۇ ئاجايىپ دەھشەت،
ئاي - يۇلتۇزلار چاچالماپتۇ نۇر.
يۈرىكى سۇ بولسىمۇ بۇلۇت
تۆكەلمەپتۇ بىر تامچە يامغۇر.
سانسىز كۈن - تۈن ئۆتۈپتۇ شۇنداق،
تاغ ياساپتۇ جەسەت دۆۋىسى.
چېكىنمەپتۇ ئۇرۇشتىن ھېچكىم،
قىرىلسىمۇ تەڭدىن تولىسى.
مۇقەددەس تۇپراق،
پەرزەنت قىساسى
ئايال پادىشاھ
باغرى قان ئانا
گىرەلەشكەن شۇنداق بىر دەقىق،
تۇمارىس
نەرە تارتىپ ياۋنىڭ سېپىگە
شان - زەپەرنىڭ چىقتى ئۈستىگە.
ئاچ كۆز كەيخىسراۋ

ئۆلۈپتۇ شۇندا،
جەڭمۇ ئاخىر بولۇپتۇ ئادا،
ماسساگىتلار قوغداپ ئېلىنى
قۇتلۇقلاپتۇ باتۇر قىزىنى.

× × ×

جەسەتلەرنىڭ دۆۋىسى ئىچرە
ياتار ئىكەن
كۆزى ئوچۇق بىر جەسەت
بىچارە ...
تۇمارىس دەپتۇ ئاڭا:
«ئۆزۈڭ شاھ ئىدىڭ
قانغا تويماي ئۆتتى ئۆمرۈڭ،
سەن ماڭا ئەمەس
ئۆزۈڭگە قىلدىڭ.
بېسىپ كىردىڭ ئېلىمگە
شۈكۈر قىلماي كۈنۈڭگە.
سېنى قاندا سۇغىراي
ئەمەل قىلىپ سۆزۈمگە.»
بىر يوغان ئىدىشقا توشقۇزۇپ لىق قان،
كەيخىسراۋ بېشىنى سېلىپتۇ شۇئان.
تاجاۋۇز قىلغاچقا تۇران ئېلىگە،

ھەق ئۇنى جازالاپ قويماپتۇ ئامان.
تۇمارىس خەلقىگە دەپتۇ جاكارلاپ:
بىخۇدلۇق بىز ئۈچۈن ھەممىدىن يامان.
شارابتۇر ئەڭ يامان بىغەم دورىسى
كىم ئاڭا يار بولسا، بولمىغاي ئامان ...

× × ×

شۇندىن قانچە ئەسىر ئۆتۈپتۇ،
قانچە شاھلىق كۆچۈپ، ئۆچۈپتۇ.
ئۇلۇغ ئانا تۇمارىس نامى
دىلدىن - دىلغا ئۆچمەي كۆچۈپتۇ.

7

تۇمارىس ...
روھىمدىكى بىر ئالتۇن تۇۋرۇك.
ئۇلۇغ بىلگەچ ئۇنىڭ نامىنى
ئارمانلىرىم پۈتۈلگەن ساڭا
تارتۇق قىلغان ئىدىم مەن ئۇنى.
سىزەلمىدىڭ سەن
«تۇمارىس» دەپ چاقىرغاندىكى
قىيان بولغان

مېھىر - سۆيگۈمنى،
غۇرۇر - پەخىرىمنى.
ئىسمى - جىسمىغا لايىق كەلسۇن دەپ،
سېنىڭ ئۇچۇن بەردىم ھەممىنى.
ياشلىقىم
ئارمانلىرىم
يۈرىكىم قېنى ...
تۇمارىس ئۇچۇن
بولدى پايانداز
بولدى زەر قۇياش...
سەن
ئىككى تەنىنىڭ بىرلىكى ئىدىڭ
بىرلا تۇمارىس.
يۈرىكىمگە پاتمىغان بەخت
سەن ئىدىڭ
بىرلا تۇمارىس.
گۈزەل ئۆتمۈش تۇراتتى سەندە،
بۈگۈن ئۈنسىز تۇراتتى سەندە،
ئىبلىس كەلدى قاچان ئۆيۈمگە
شۇندىن يىراق بولدى ئارىمىز.
ئۆتتى نەچچە يىللار ئازابلىق،
ئېغىز ئالماي كۆڭۈل يارىمىز.
يىغلاپ چىقتىم تۈنلەر ئاھ ئۇرۇپ

سەنمۇ يىغلاپ يۈردۈڭ ئۆز - ئۆزۈڭ.
شەيتان بىلەن بولساڭمۇ ئىجىل،
ھەسرىتىڭنى سۆزلەتتى كۆزۈڭ.

× × ×

يىغا كەلكۈنى
بېسىپ كىردى غېرىب خانىگە.
ئىشىك ئالدىدا
كۈتۈپ تۇرغان بولسا ئەزرائىل،
ياش تۆكتى بەلكىم
چىدالماستىن دەردلىك نالىگە.
— تەشەككۇر، رىۋايەت قالدى يۇرەكتە،
سىز ئۇلۇغ ئاناسىز،
مۇقەددەس ئايال.
مەن ئۈچۈن قان يىغلاپ كەلدىڭىز تۈت يىل
بىر ئۆمۈر مېنى دەپ بولدىڭىز مالال.
دىلىڭىز بىر تۈگۈن ئىلكىدە شۇ تاپ
كۆيمەكتە ئانىجان، بىلىمەن بۇنى.
نېچۈن مەن ئوخشماي قالدىم ئۆزۈمگە؟!
ئېيتىمەن بۇندىكى نومۇسلۇق سىرنى...
ئون ئالتە يېشىمغا يەتكۈچە ئانا،

باغرىڭدا بەختىيار ياشىغان ئانا.
دادامدىن ئايرىلىپ قالسامۇ كىچىك
روھىمنى سۇلدۇرماي ئۆستۈردۈڭ يانا.
ئون ئالتە يېشىمغا تولغان شۇ كۈنى
قەلبىمىزگە پاتمايتتى شادلىق
«تۇمارىسىم، ئوماق قىزىم» دەپ
چاقىراتتىڭ دەممۇدەم تاتلىق.
شۇ كۈنى
كۈن تىكلىشىپ قايرىلغان چاغدا،
كىرىپ كەلدى ئۆيگە بىر مېھمان.
ئۆگەي ئاكام دېگەن بىئىمان.
دېگەن ئىدى شۇ چاغدا:
ئاكاڭ تۇرۇپ مەن سېنىڭ،
بولالمىدىم ئاكاڭدەك.
يۈر بازارغا چىقايلى،
بولۇپ باقاي ئاكاڭدەك ...
دېدىم ئاڭا: «چىقمايمەن»
دېدىڭ شۇ چاغ سەن ماڭا:
«ياخشى كۆڭلى ئاكاڭنىڭ،
ئىناق، ئىجىل ئۆتسەڭلار.
روھى كۈلەر داداڭنىڭ...»

قالدىڭ ئىشىك ئالدىدا
كەتتىم ئاڭا ئەگىشىپ.
ئۆنىڭ خۇيى ياقمىغاچ
قالدۇق يولدا تەگىشىپ.
تۇتۇۋالدى قولۇمدىن،
كېتەلمىدىم ھېچقايان.
يىغلىغانغا قويمىدى
ئەلپازىمۇ بەك يامان...
ناتونۇش جاي،
نەپرەتلىك شۇ كۈن
يۈرىكىمگە پاتتى مىخ بولۇپ.
پايخان بولدى
باھارىم.
پايخان بولدى
ئىپپىتىم.
ئادەم
ھايات
ھەممىسى يالغان.
ئۆلگەن تۇرسا پۈتۈن قىممىتىم.
ئۆلۈم
ئەڭ ئىسىل تاللاش،

ئارام ئالسۇن ئۆمۈر كارۋىنىم.
تۇۋا دەيمەن،
ھېلىقى ئەبلەخ
ئۆلۈشكىمۇ بەرمىدى ئىمكان.
ئۆلۈپ بەرسەم سىزنىمۇ ئاخىر،
ماڭا ئوخشاش قويماسمىش ئامان.
دېدى ماڭا: «غۇمۇم بار ساڭا،
تارتىۋالغان ئاپاڭ دادامنى
ئانا - بالا ئىككىڭنىڭ زارى،
داۋالايدۇ كۆڭۈل يارامنى.
ساقچىلارغا يۈرمەيسەن قاتراپ،
ئۆلۈمنى ھەم يۈرمەيسەن ماراپ.
ئۆلۈپ بەرسەڭ ئەگەر بىركۈنى،
ئاناڭنىمۇ قويمايمەن ئاياپ.»
كەلدىم شۇ كۈن كۈن ئولتۇراردا،
كۈلۈپ كىردىم ياش تۆكمىسۇن دەپ.
ئىچ - باغرىمنى يەپ تۈگەتكەچ دەرد
يېتىپ قالدىم ھەتتا كۈن - كۈنلەپ.
ئوقۇشتىنمۇ چېكىندىم ئۈنسىز،
چۆچەكلىرىڭ قالدى كۆمۈلۈپ.
ئۆگەي ئاكام «ھايت» دېسە «ھۇيت» دەپ،

جىمى ئوي ـ دۆك يۇردۇم سوقۇلۇپ.
ئىبلىس بولدۇم،
ھەتتا ئاشۇردۇم.
يۈرىكىمنى قۇياشتىمۇ ئىرىمەس قىلىپ
تالاي ئەسىرلىك قۇتۇپ مۇزىدەك
نەپرەت بىلەن مەزمۇت قاتۇردۇم.
تالاي ئىللىق ئائىلە،
مېنىڭ بىلەن بۇزۇلدى.
تالاي سەبىي باللار
سەرسان بولۇپ،
سورۇلۇپ
دەرد قامچىسى ئۇرۇلدى.
شاراب ئىچتىم
شارابتىن ئىزلەپ ئۆتمۈشنى،
تېپىلمىدى تۇمارىس.
زەھەر چەكتىم
تۇتۇنلەردىن ئىزلەپ ئۆزۈمنى،
تېپىلمىدى تۇمارىس.
زەھەر ساتتىم،
ساتتىم ئىپپەت
ۋە يەنە ...
تۇمارىس
ئۆلگەن ئىكەن ئەسلىدە،
ئون ئالتىگە تولغان پەسلىدە.

ئاخىرى
ئۇنتۇپ كەتتىم ھەممىنى
ھەممە
ئۇنتۇدى مېنى.
لېكىن
بىرلا سەن
ئۇنتۇمىدىڭ
كىملىكىمنى.
ئۇنتۇمىدىڭ
تۇمارىسنىڭ
ئۆتمۇشىنى
بۈگۈنىنى
ئەتىسىنى.
سەن مېنىڭ ئانام ئىدىڭ
ئوتتۇمدا كۆيگەن،
سەن مېنىڭ سايەم ئىدىڭ
روھىمدا يۈرگەن.
لېكىن، جان ئانا
مەن ئەسلىمنى ئۇنتۇغان شۇ چاغ،
سەن نومۇستىن
ئۆلدۈك مىڭ قېتىم.
سەن خورلۇقتىن
ئۆلدۈك مىڭ قېتىم.

سەن كورلۇقتىن
ئۆلدۈك مىڭ قېتىم.
تۇرالمىغاچ شەھەردە
تۇرالمىغاچ بىر يەردە
كۆچتۈڭ تالاي رەت
كەچتە، سەھەردە.
ئاڭلا، ئانىجان
ئاز قالدى بۇ جان.
ئەزرائىل ئىشىكتە بىتاقەت هامان.
سورىما،
كىم شۇنچە ئۇردى سېنى دەپ؟
سورىما،
ئادالەت، قانۇن نەدە دەپ؟
تۆت يىلدىن بېرى ئۆلۈمنى كۈتتۈم بىتاقەت.
نومۇسۇڭ ئۈچۈنلا چىدىدىم قەۋەت.
يەر يۈتتى هېلىقى ئىپلاس «ئاكام»نى،
سۆيۈملۈك ئەجەل
ئالدى ئۇنىڭ مۇدهىش جېنىنى.
قالدى بىر ئارمان،
ئۆلۈم شارابى تۇتۇپ ئۇنىڭغا،
ئىچەلمىدىم قوشۇق قېنىنى.
ئەزىزىم ئانا،
نومۇس ئىچرە قويدۇم جېنىڭنى،

بۇلغاپ قويدۇم ئۇلۇغ ئېتىمنى.
تۇمارىس بىلەن تۇمارىسنىڭ ئارىسنى
توشقۇزۇپ لىق ئۇندەش سوئالغا
بېزەپ چىقتىم ئۆمۈر بېتىمنى.
يېزىپ چىقتىم ۋىدا خېتىمنى.
ۋاقتىم يەتتى،
كېتەي جان ئانا
سۆيۈملۈك ئەزرائىل كەپ قالدى مانا.
يىغلىما باغرىڭنى قىلمىغىن كاۋاپ،
قەيسەر بول ئۆزۈڭنى قىلمىغىن خاراپ.
شەھەرگە كۆچۈپ كەت، بار ئۇندا ئۆتمۈش،
بۇ ساڭا بوپ قالار ئاخىرقى كۆچۈش.
سۆزلەپ بەرگىن سەبىيلىرىڭگە
تۇمارىسنىڭ رىۋايىتىنى،
تۇمارىسنىڭ كەچمىشلىرىنى،
چاڭ سالمىسۇن ئۇلارغا ئۇنتۇش.
ئاشۇ ئۇلۇغ چۆچەكلىرىڭدىن،
ھەر پەيشەنبە تۇپراق بېشىمغا
تۆكۈپ قويغىن ماڭا بىر ئۇلۇش ...

## خاتىمە

بىر مىسكىن قۇش
تۆگىلۈكىدىن كىرىپ ئۆتمۈشىنىڭ
ئىزلەپ يۈرەر قەدىم قەبرىنى...
قايناق شەھەر.
تەنھالىق.
ئۈمىدسىز ئۈمىد...
چۆچەك خۇمار ئاپئاق چېچەكلەر
تۇزۇتقانچە خىياللىرىنى
ئاڭلىماقتا قۇشنىڭ كۈيىنى...
تۇمارىس! ...

2006 - يىلى

# فېۋرالنىڭ چۈشى

(داستان)

فېۋرال،
گۈلدار ئوتنى يېپىنچا قىلىپ
چۈش ئالىمىدە
يورمەكتە باھار ئۇچۇن يىغان چېكىپ...

بۇگۈن

1

مىنۇتلارنىڭ پەشلىرىگە ئېسىلىپ،
ئالقىنىغا ئېلىپ يېشىل چوغ
كىرىپ كەلدى سۆيۈملۈك فېۋرال.

2

بەك رەھىمسىز ئىكەن ئادەملەر
يۇرىماستىن باھار ھىدىنى

ھەيدىۋەتتى قار گۈلى بەرگەن
تۈنۈگۈنكى شېرىن سۆيۈشنى.
ئىسىت!...
يۈرىكىدىن قان تامغان كوچا،
سېغىنىشتىن بىھوش بولغان تور،
تېرىماقتا ئۆگزىگە قىچا.
ھۆزۈر بىلەن
يېمەكتە يەنە
تۈنۈگۈنكى شېرىن سۆيۈشنى.

3

قېتىپ قالدى ئەلەملىك نەپرەت،
زىمىستاننىڭ يوغان كۆزىدە،
ئىزتىراپنىڭ قىزىل يۈزىدە.
ئاھ، ئەجەب...
سېنتەبىردە چاقنىغان يۇلتۇز،
سېنتەبىردە
گۈللىگەن شۇدەم،
ئۆز - ئۆزىنى بوغۇشار ئۈنسىز.
بوپقالغاندەك بىردىنلا كۆزسىز.
تووۋا!
بۈگۈن فېۋرالنىڭ كۈنى...

# فېۋرالنىڭ ئون توّتى

## 1

زارىقشنىڭ روجەكلىرىدىن
توّكوْلمەكتە فېۋرالنىڭ نوْرى.
ئوْچىسىدا فېۋرالنىڭ
كوّروْنمەيدوْ قاما جوْۋىسى.
يېلىڭ ئىكەن كىيملىرى بەك.
كورېيەدە تىكتوْردىمىكىن
چوْشىدىكەن ئاينىڭ شولىسى.
ساتىراشخانا بەرگەن گوْل يوْزى
هارارەت تارقاتماق بولوْپ شەهەرگە،
ئوّچرەت ساقلاپ توْروْپ تالاي رەت
سېتىۋاپتوْ مىڭ بىر جاپادا
ياپونچە تەبەسسوْم
يەنە
شارولخانىنىڭ موْهەببىتىنى.
قوْياش بىپەرۋا ئوْز ئوربېتىسىدا.
فېۋرالنىڭ كىيىم يوق ئوْچىسىدا.
كوّكەرسىموْ لەۋلىرى سوغدىن،
تەبەسسوْمى ياسالغانكەن جىڭ

ئۆز ئورنىنى ساقلىماقتا چىڭ.
بىچارە فېۋرال
خالار - خالىماس
چاڭگىلىغا چۈشتى ھەۋەسنىڭ...
ئون ئۈچ ياشلىق بالا چېغىدا
بىتاقەت بوپ سانار كۈنلەرنى.
پىلان قۇرۇپ نەۋرىلىك دېھقان
ئۇزىتىدۇ ئاران تۈنلەرنى.
ئون بىر
ئون ئىككى
ئون ئۈچ...
سىلكىنمەكتە دىللار خانىسى،
سىلكىنمەكتە ئۆزگىچە ھايات.
ھارپا كۈنى بولغاچ «ئون تۆت»نىڭ
ھەر كۆڭۈللەر ئاجايىپ ئاۋات ...

2

بۈگۈن
فېۋرالنىڭ ئون تۆتى
چىڭقالماقتا زېمىننىڭ ئۆتى.
ھېيت - بايرامغا شاھىنشاھ بولۇپ
تاج كىيدى چوقۇم

يىلىڭ كىيىم بىلەنلا پۈرال.
چەكسىز يىراقتا
پارلايدۇ بىر نۇر،
نۇر ئىچىدە
ياش ئەگىتىپ كۆزلىرىدىن
غايەت كۆك قوچقار،
قىبلە تامان باققانچە ياتار.
ئاپئاق رىدا ئىچىدە رەسۇل
بىزار بولۇپ شەيتاندىن
نەپرىتىدىن تاش ياساپ ئاتار.
دەرەخ ئانا تۇغقان ئوغۇللار
يەر ئانىنىڭ ئوغۇللىرىغا
هايات نىمە،
مۇھەببەت نىمە،
نورۇز نىمە
بەرمەكتە سۆزلەپ،
ئاڭلىماقتا مەۋجۇدات قاتار.
بىلىقلارنىڭ كۆزلىرىدە مۇڭ،
يۇرىكىدىن مىڭ دەريا ئاقار.
يىراق ئۇپۇقتا
پارلايدۇ بىر نۇر.
نۇر ئىچىدە ياشار بىر ئالەم.

# 3

فېۋرالنىڭ ئون تۆتى
ھاياجاننىڭ گۈلدار چەينىكى
رەستىلەرنى يۇرۇپ ئارىلاپ
تەنزىكەشكە،
ھۆپىگەرلەرگە،
ئاشپەزلەرگە،
سامسىپەزلەرگە
يانچۇقى تومباي ۋەچچىلەرگە
چاي تۇتماقتا
كۈلۈپ، يالتىراپ.
ئون بىر ياشلىق مايلامچى بالا
كۆيدۈرۈۋاپتۇ لېۋىنى يەنە
قىزىق چاينى ئىچىپ ئالدىراپ.

# 4

ئاپتوبۇس
يېزا يوللىرىدا چاپار شەھەرگە
ئىچىدە لىق سىقىلغان ئادەم.
پاتقۇزالماي پۇتلىرىنى،

سىقىشماقتا بىر - بىرىنى.
— سەن كىم ئىدىڭ؟!
— سەنچۇ سەھرالىق؟!
— ساڭا نېمە بايرام ئۆتكۈزۈش!
— ...
ياش تۆكىدۇ غېرىب - سەنەم
تونۇش ۋە ناتونۇش چۈشەر بەيگىگە.

5

كىيىم - كېچەك بازىرىدا
ئايلانماقتا ۋاقىت پۇلغا.
بىر كاتتا دۇكان
كىرىپ كەلدى كونا خېرىدار:
— كەلدىمىكىن مەن بۇيرۇغان مال؟
— ئەڭ مودىسى، كىيىڭ سىز ئاۋۋال.
چىقىپ كېتىپ مەغرۇر خېرىدار
كىردى شۇئان ھېسابات ئۈچۈن
بىر مۆتىۋەر كۆرسىتىپ دىدار.
— شۇ، شۇ ...
— ھېلىقى...
— ھە...
— توۋا...

كۈس - كۈسلارنىڭ ئاراشلىرىدا
ئون بەش ياشلىق بالىسىنى ئېمىتىپ
ئولتۇرىدۇ بىر مۆڭلۈق ئايال.
ھەۋەسنىڭ يالقۇنىدا ئۆرتىنىپ،
تەبەسسۇمنى بازارغا سېلىپ،
تۇرار يەنە
قىزلار،
جۇۋانلار.
ھاي - ھاي قوللار،
ھاتەمدەك قوللار.
ئۆچمەيدىغان كۆل رەڭ تەبەسسۇم
ياسىماقتا ئۆزىنى قايتا.
قىپقىزىل پۇللار
سىقىشماقتا بىر - بىرىنى،
ئاققۇزۇشۇپ قانلىرىنى.
— سەن ھارام،
— سەن ھارام!
تىللاشماقتا بىر - بىرىنى.
ھەسەتخور شامال
ساداقەتنىڭ رومىلىنى ئۇچۇرۇپ،
قويماق بولار
مىڭ ئۆيلەرنىڭ ئەڭ تېگىگە يوشۇرۇپ.
تاغ باغرىدا قاتار مىڭئۆي

قىزىل...
سىم - سىم...
قۇمتۇرا...
بوسۇغىدا
نۇر چاچىدۇ قان دېغى.
ئېھتىمال،
پەرھاد كېلىپ
جادۇگەرنىڭ ئەپسۇنىدىن
مۇز ئادەملەرنى
قۇتقۇزۇشنى ئويلىغان چېغى.
بىچارىلەر
پۇل بولمىسا مۇھەببەت نەدە؟
پۇل بولمىسا ياشىسۇن قانداق؟
قان ئىچىدە قىپقىزىل پۇللار
يۈرەكلەرگە سالماقتا قارماق.
ياش تۆكىدۇ مىڭئۆي ئىچىدە
چېپىلغان باش،
پىنھان مۇزىكا.
سىزىپ يۈرەر چۇۋۇلغان تامغا
پەرھاد - شېرىننى
قۇرۇغان ھاۋا.

## 6

دوقمۇش
دوقمۇشلار
جىمى كوچىلار
مۇھەببەتنى يۇرمەكتە تېرىپ.
ماي يولى
ئاكاتسىيە
ئېگىز بىنالار
ھاياجاندىن بارماقتا ئېرىپ.
ئون ئۈچ ياشقا ئەمدى كىرگەن قىز
قارىچۇقىدا مۇزدەك شەھەرنىڭ
قېرىپ قالدى دەقىقىدە تېز.

## قاناۋاتقان تەن

## 1

كۆڭۈل
خېرىدارى ئەڭ كۆپ ئايروپورت،
پارىژدىكى ئەڭ قىزىق بازار.

تىجارەتنىڭ تۆرى كۆپ ئۇندا،
ھەممىسىنىڭ ئېتى سودىگەر،
مېخشىدۇ كىسشمەي يولدا،
تومۇرىنى كولاپ گۆر ياسار،
ۋەھىمىدە تولغىنار بازار.
فېۋرالنىڭ ئون تۆتى
ئېغىر كېلىپ قالدىمۇ شاراب،
چوڭ كوچىغا يىقىلىپ ئاشىق
يېتىپ قاپتۇ ھالى بەك خاراب.
يالىڭاچلانغان
قىزغىنلىقنىڭ قولىدا
كۆيەر لاۋۇلداپ
ئاشىق - مەشۇق بايرىمى...

## 2

ئەتىرگۈل
سۈتتىدىن گۈل ساتقۇچىنىڭ
تارىماقتا كەيپ شەھەرگە،
بەلكىم
قىپقىزىل بەرگى
ئۇلىشالماس يېڭى سەھەرگە.

## 3

«110»غا كەلمەكتە ئۇچۇر،
پالانى يەردە
جان تالىشىپ ياتار بىر قىزچاق،
يەنە بىر ئوغۇل
يەنە بىر
ئوغۇل
ئەتىگىچە
كۆرەلمەس ئۆمۈر.
...
شان ـ شەرىپى ئۇچۇن بايرامنىڭ
قوراللانغان باھادىر مەردلەر
تولۇپ كەتتى دوختۇرخانىغا
خەت يېزىلماي ئۆچتى ئاق بەتلەر.
قىيان بولدى قېۋرالدا دەردلەر ...

## 4

كېچە،
چۈش پەرىسى كىردى قوينۇمغا.
قىپيالىڭاچ يۇرەر ئىمىش ئادەملەر،

يەۋاتقۇدەك تاش شەھەرنىڭ تېشىنى،
ۋە يەنە
چۇمۇلىدەك بولۇپ كىچىكلەپ،
تۆگە قوشقان هارۋىغا چىقىپ،
ئىزدەپ يۈرەر ئىمىش
بىرسىنى.
يەنە...

5

بۈگۈن قانداق كۈن؟
سىرقىرايدۇ يۈرەكلەر يەڭگىل.
دېرىزىسى ئالدىدا قۇياش،
چاچلىرىنى تارايدۇ يەڭگىل.
پۈرىمايدۇ ئەتىرگۈل ھىدى،
— ھەي بالا،
ساتالمىغان گۈللىرىڭ قېنى؟
ئەكەل مەن ئالاي
ھەم لوڭقىغا چىلاي مەن ئۇنى،
ئېتىزىمغا تىكەي مەن ئۇنى.
يول سۈپۈرگەن سۆيۈملۈك قىزچاق
ئېغىر - ئېغىر سۈپۈردۈڭ ئۇزاق.
ئەخلەت بولغان گۈلنىڭ بەرگىدىن،

چوڭقۇرلۇققا كەتتىڭمۇ چۆكۈپ،
ھايات دېگەن
شۇنداق بىر قۇراق.

## 6

سەھەر بىلەن سۆيۈشۈپ ئۇپۇق،
بايرامنىڭ ئىككىنچى كۈنى يەنە
تەبرىكلەيدۇ قۇرۇقتىن - قۇرۇق.
ئىش تاشلىسا بۈگۈنمۇ شەھەر،
مەشۇق رازى بولغانغا قەدەر.
تېشىپ كېتەر چوقۇم بىركۈنى
يۇسۇپ تۇرغان ھېلىقى قۇدۇق.
مەن نەملىكتىن ئايرىلغان ئۇرۇق.

## 7

كوچىلاردا ئادەم لىق،
مىغىلدايدۇ غېرىبلىق.
ئاشقلار
رەستىدە
دۇكاندا
دېسكوخانىدا

ئۆچرىتىنى ساقلاپ مەشۇقنىڭ،
رەخسىزلىككە سىزماقتا ۋىسال.
ۋاقتىنىڭ ئۇچقۇر ئاياغلىرىدا
قۇيرۇقلۇق كومىتا تۇمان قالدۇرۇپ،
تاپماقتا زاۋال.
مۇھەببەتنى ئۇلۇغ دەپ
ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمىنى
يېمەكتىمىز ئۇچ - تۆت كۈنگىچە
چايناپ
چاينىماي،
تېتىپ
تېتىماي.
قەلبىمىز بازار
كېلىپ - كېتىپ تۇرار ئادەملەر،
ئۆي سالىدۇ كولاپ بېتوندا
ئۆتمىتۆشۈك ئۇندىكى يەرلەر.
بەزىدە
پاناھ تىلەپ شامال - بوراندىن،
دەريا - دەريا ئاقىدۇ تەرلەر
قۇمدەك توزۇپ كەتكەنگە قەدەر.

# رىۋايەت

## 1

كېچە
يالىڭاچلار ھارغىن تېنىمنى.
ئېغىر تىنىقلار
ساۋاق ئوقۇپ ياغاچ تارغاققا
تارىماقتا قوڭۇر چېچىمنى.
چۆمۈچ يۇلتۇزلار
مۇھەببەت بىلەن
شورىماقتا تۇزلۇق تىلىمنى
سۆكۈتلىرىم
كۆتەر تاقەتسىز
مازاردىكى ئەرۋاھ موماينى.
مەن سۆكۈتنىڭ قۇچىقىدا
سۆكۈت مېنىڭ قۇچىقىمدا.
تاك، تاك، تاك.
چېكىلدى ئىشىك
كەلدى موماي
بېشى ئېگىك.
چىلان تورۇقنىڭ،
ئۈستىدە بىر قىز

ياتاتتى بېھوش
يۇتقاندەك دېڭىز.
غايىب قولدا تۇتتۇم چۇلغۇرنى
ۋە باشلىدىم تۆرگە، سارايغا.
يالتىرىدى كېچە ئۆيۈمدە.
ئەرۋاھ موماي
داستىخانغا تۆكتى يۇلتۇزنى.
سىرلىق تىلسىم
ئايان بولدى كۆزۈمدە.
تەڭرى غەمكىن ئالەمدە.
بېھوش قىز
ئەۋرەم ئىكەن ئەسلىدە
تاپالمىغاچ ئۇزۇندىن مېنى.
سەرسان شامال بوپ
يۈرگەن ئىكەن ئەمالىقنىڭ دەردىدە.
تەڭرى ئۇخلار جىمجىت خانەمدە
ئەۋرەم ئۇخلار جىمجىت خانەمدە.
چىلان تورۇق بىلەن موماي
يانپاشلاپ يېتىپ
كۆرپە ئۈستىدە،
تەسۋى قىلىپ يۇلتۇزلىرىنى
ئاشىقلار ھەققىگە قىلماقتا دۇئا.
ئۆزگەردى شۇدەم
ئۆزگەردى ساراي

ئۆزگەردىم مەن ھەم
ئۆزگەردى ئالەم
قويىنىنى ئاچتى بۇرۇنقى ئىرا ...

## 2

جەڭ قىلماقتا
بىر باھادىر قىز
ئىسمى زارىنا.
يىتراپ قاچار ياۋ
ئۇنىڭ قەھرىدىن
مېھرىنى ئۇزۇپ كۆكنىڭ شەھرىدىن.
قوشۇلدى سانسىز
ئىزلارغا بىر ئىز.
قۇياش كۆيگەچكە كۆكسىدە پارلاپ،
تونۇلدى جاھانغا زارىنا خان قىز.
دولقۇنلۇق دېڭىز بولۇپ قوڭۇر چاچلىرى،
قويۇلدى ئالەمنىڭ تومۇرلىرىغا
ھەۋۋا سۆيگەندەك ئادەمنى چەكسىز.
زۇلەيخا بولۇپ يارىغا ھەردەم
تەڭرى باققان تۇرك يېرىدە
ئانا بولۇپ ئوغۇزلىرىغا
ئات چاپتۇرۇپ ياشىدى بەردەم.

چەكسىز يايلاقتا،
بۈيۈك ئورماندا،
قارلىق دالادا
كۆيلەر تارىدا
بىر جۈپ بۆركۈت
ياشىدى يەنە
مومىسى ئۆتكەن ئەلنىڭ باغرىدا،
بىلگەچ ۋەتەننى ئۇلۇغ ھەممىدىن
تىترەيتتى ياۋلار ئۇلار قەھرىدىن،
ئۆتكەچكە رەقىب لېۋىنى يالاپ.
ئۆتتى مىكىرگە ئارقىدىن پايلاپ.
ئايرىۋەتمەككە تۈزدى پىلاننى،
ئۇسسۇلغا سالدى ئىبلىس يىلاننى...
ئادەم بالىسى
ئادەمنىڭ پۇشتى
بايقىماي بىر كۈن
تۇزاققا چۈشتى.
ئانا بۆركۈتنىڭ ئېزىلدى باغرى
پىغان نالىسى ساماني ياردى.
ئامورغ...
ئامورغ...
جەسۇر بۆركۈتۇم...
يىغلىما قىزچاق

ئاشقىڭ كەتتى
سىپارېترانى
تەڭرى ياد ئەتتى.
سەن سۆيسەڭ ئۇنى
ئۇ سۆيسە سېنى
بىزمۇ سۆيىمىز بىر جۈپ ئاشقنى
سىلەر ھەم بىزنى.
ئورنۇڭدىن دەس تۇر
دۈلدۈلنى چاپتۇر
قەھرىڭنى ياۋغا
ماگما قىپ ئاقتۇر.
رەقىبلىرىڭگە
ئوغرىلاپ كەتكەن
نومۇسنى تاپتۇر.
ئاشقىڭ چۆكسۇن
باغرىڭغا يېنىش
ئەجدادۇ ئەۋلاد
شادلىنىپ كۈلسۇن،
كۆل بولسۇن تېنىش.
سىپارېترا غەيرەتكە تولۇپ،
ئاشقى ئۈچۈن
ھەر نەپەستە مىڭ قېتىم ئۆلۈپ،
يۈرۈش قىپتۇ دۈشمەن ئۈستىگە
ياراغ ئېسىپ لەۋەن بەستىگە.

يېرىلغاندەك زېمىننىڭ تېشى
تىترەپتۇ كۆك لەرزىگە كېلىپ.
ئەر - ئاياللار تۇزگەن ئۇزۇن سەپ
تۇگىتىپتۇ رەقىبنى قىرىپ،
ساك ھەققىدە رىۋايەت يېزىپ.
سىپارېترا بىلەن ئامورغ
شۇندىن بېرى
ئەسىرلەردىن ئەسىرلەر ياشاپ.
ۋاپا نېمە
ئاشىقلىق نېمە
بېرىدىكەن ھەركىمنىڭ
ئالقىنىغا
ئۆزلىرىنىڭ سۇرىتىن سىزىپ.

3

ئەركىنلىك سەركىسى
گۇزەل تۇمارىس
ساداقەت بابىدا نۇرانە ئاپتاپ.
قەلبىدىن دولقۇنلاپ ئاققاچ مۇھەببەت
«تۇمارىس» دېگەن نام تۇرار يالتىراپ.
زارئادىر بىلەن ئاداتىدا
سۆيگۈنىڭ قېنىدا بېزەپ تارىخنى
مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى

گۈزەل كوچىدىن
بۈگۈنكى
ئۆگەننىڭ نەم باغرىغىچە.
پەرھاد - شىرىن بولۇپ دىللاردا
ياش تۆكۈپ
ۋە ياكى
شادلىنىپ كۈلۈپ
ياشاپ كەلدى ھەربىر تاڭلاردا.

## 4

كىچە
يۇلتۇزلارنىڭ ئۆيلىرىدە
ھۆكمەت ئېيتىشىپ بىر توپ ئايالالار
چاقنىماقتا كۈيلىرىدە.
بىر چاغدا
ھەۋۋا ئانا
جاھاننەما ئەينىكىنى ئېلىپ
كۆرسەتتى ھەممىگە
تىلسىمنى ئېچىپ...
مۇز ئوكيان ئۈستىدە
يالاڭغىداق نۇرانە بوۋاي
ئۇچراتقاندا ئاقباش موماينى
تامچىلىدى قۇياشنىڭ يېشى

ئاشىق - مەشۇقنىڭ قوشۇلدى بېشى.
زۇلەيخا
چۈش بېغىدا
نۇر ئىچىدە كۆردى يۇسۇپنى.
ۋادەرىخ!
سەۋدا چۈشۈپ ئاجىز بېشىغا،
قىرۇۋ چۈشۈپ ھەتتا يېشىغا،
يەتتى ئاخىر يۇسۇپ ۋەسلىگە
قايتتى ئۆمرى باھار پەسلىگە.
شۇندىن ياساپ ئەسىر ئىرانى
ۋاقىت ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن
پۈتتى ئۆچمەس نەچچە سىيمانى...
چىقىپ كەلدى ئۇيۇق تەرەپتىن
زارىنا، سپارېترا، تۇمارىس
قىنىدا ئەگرى قىلىچ، قولىدا ئوقيا،
بارىكاللا ئېيتتى ھەتتا ئۇلارغا زىۋس.
پەرھاد سۇ باشلىغان ئۆستەڭگە قاراپ
ئىزلەر شېرىن
ئاشىقنى مىڭئۆي ئارىلاپ
تۆمۈركەشى تېشىلگەن لەيلى
ياتىدۇ مەجنۇن دەپ ھالى بەك خاراپ.
ۋامۇق ئۇچۇن تۇمەن مىڭ ئۆلۈپ،
ئۇزرا پىغان چېكىدۇ زارلاپ.
'تەلبەچۈك بويىدا رابىيە غەمكىن

ساداقەت كەمىرىن باغلاپ بېلىگە
باقىيدىن ئىزلىمەك بولۇپ سەئدىننى
ئەلۋىدا دېمەكتە
ھەممە ھەممىگە.
مۇز پەردىسى ئىچىدە سەئدىن
رابىيەنى كۈتۈپ بىتاقەت
نەزمە ئوقار دەريا ئەھلىگە.
يەنە
چىمەنلەر ئىچىدە سارغايغان بىر گۈل
«مەھزۇن» دەپ جان بەردى ...
ئالەم بولدى كۆل.
باشئەگىنىم بويىدا
تاشلار
ئاقتى سۇ بولۇپ.
تاھىر - زۆھرەنى
پەرىشتىلەر ماڭغاندا يۇدۇپ..
يەنە
ۋە يەنە
نۇزۇگۇم
سانسىز نۇزۇگۇم
جاھانىنەما ئىچىدە
ئولتۇرىدۇ رومال توقۇپ.
قىزىل شايى ئىچىدە ھەۋۋا
بېرىدۇ

ھەممىسىگە كىتاب ئوقۇپ.
ئۇندا بار يەنە
ئون تۆتىنچى ئاپرېل كېچىسى
ئۆلگەن قىزلارنىڭ
يالىڭاچ تېنى
توزۇغان چېچى
ئۇنتۇلغان ئېتى
ۋە
ئون يىل كېيىنكى
شۇنداق بايرامدا
ئۆلۈۋاتقان قىز ـ ئوغۇللارنىڭ
نامسىز سۈرىتى.
جاھانئەما يېپىلدى سىرلىق.
بىر توپ ئاياللار
يۇلتۇزلارنىڭ ئۆيلىرىدە
چاقنىماقتا كۈيلىرىدە.

## خاتىمە

ئەتىرگۈلدەك ئوماققىنا قىز
مۇزدەك ئاشىقلارنىڭ پېشىنى تارتىپ
گۈل ساتىدۇ
مىغىلدىغان ئادەملەر ئارا.
تاش شەھەردە

تاش ئادەملەر ئۈينايدۇ ئۇسسۇل
قايىنىماقتا مۇڭى يوق ناۋا،
گۈل ساتقۇچى قىز
گۈل ساتىدۇ يۈرىكى يارا...

× × ×

بىر توپ پەرىشتە
ئولتۇرۇپ ۋاقىتنىڭ قاناتلىرىدا
تۆكمەكتە ئېتىكىدىن نۇر - زىيا،
ئۇندىكى بىرى
قىزىل شايى رومال ئىچىدە
كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرار يانا
ئۇ چوقۇم ھەۋۋا
مۇقەددەس ئانا...
قۇتقۇزۇڭلار...
تېپچەكلەپ ئويغاندى فېۋرال
بېشىنى سىلاپ
ئولتۇرۇپتۇ گۈزەل ئاي ھىلال.
فېۋرال
يۈزلىرىنى توستى قىزارغان
يوشۇرالماي يالىڭاچ تەنىنى
ئىزلەپ يۈرەر مۆكۈشكە بانا ...

2007 - يىلى 5 - ماي

# سەھرادىكى سۆيۈملۈك ئۈۋا

(كۇچا ناھىيە ياقا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
50 يىللىق خاتىرىسىگە)

سەھرا
ئۇسسۇل ئوينار
شاماللارنىڭ باغرىدا،
قۇشلارنىڭ كۈيى
ئاق تېرەكنىڭ چېچىنى تاراپ،
ھېكمەت تېرىپ يۈرەر دالادا.
ياپيېشىل ھايات
ئېرىمەكتە يۈرەكلەردە تېز،
مىنۇتلارغا سېلىپ يېڭى ئىز.
ماي يولىدا ھارغىن ئىستەكلەر
كېلىپ - كېتىپ يۈرەر بەك ئاستا.
شۇئىرلايدۇ ياپراقنىڭ لېۋى
چىقارغانچە مۇڭلۇق بىر سادا.
قۇشلار
يىلىنجىغان مېھرىنى ئېلىپ،
كېلىپ كېتىپ تۇرار بۇ يەردە،
گۈل ئېچىلار ئۇ قونغان يەردە.

× × ×

قەدىمىي توغراق
نۇر چاچىدۇ غايەت بىر ئۇۋا،
قۇش بالىلىرى
بەش تاش ئويناپ ئولتۇرار ئۇندا،
چۇرقىرىشىپ ئانا تىلىدا.
پەسىللەرنىڭ نېمەتلىرىدىن،
ۋاقىتلارنىڭ شەربەتلىرىدىن،
تائام راسلاپ ئولتۇرار ئانا.
ئاندىن ئالتۇن قوشۇقتا
تېمىتىدۇ بىر - بىرلەپ
باچكىلارنىڭ ئوماق ئاغزىغا.
يېزىلىدۇ ئۇندا بىر تارىخ
قۇياش بولۇپ پارلىغان ئۇۋا.

× × ×

قۇش بالىلىرى
ئايرىماق بوپ تاشتىن گۆھەرنى
ئۇچۇرما بولۇپ كېتەر يىراققا...
ئەللەي ئۇنى باشلىنار يەنە،

ئۇ تارىمدەك ئۇزۇلمەس ناخشا.
ئۇندا ياشار قەدىمىي توغراق
ئۇندا پارلار سۆيۈملۈك ئۇۋا.

سەھرا گۈزەل قىز
كۆكسىدە لىق يېشىل مۇھەببەت،
زىنىخ بولۇپ نۇرلىنار ئۇۋا،
نۇر بۇلىقى زېمىننىڭ ئەبەد،
ئەللەي ئۇنى ئۇزۇلمەس پەقەت.

ئانا قۇشنىڭ ئەللەيلىرىگە،
سىڭىپ كەتكەن سانسىز رىۋايەت.

× × ×

توي قايىندى بۈگۈن بۇ يولدا
يەر يۈزىگە چۈشكەندەك قۇياش،
ھەر تەرەپتە كۆيمەكتە ئوتقاش.
ئەللىك باھار،
ئەللىك زىمىستان
ئەسلىمىدىن سۈزۈپ دۇر - گۆھەر،
ھەقىقەتكە ئېگىپ بېشىنى،
گۈل سەھراغا ياپتى ئۈستىباش.

ئېپتىخاردىن سۆيۈملۈك ئۈژۈا،
ھايات بىلەن سۆيۈشتى چىرماش.
ھاياجاندىن تۆكۈلدى ياشلار
دىل خانىلار سىلكىندى بىر پەس.
قۇشلار مەغرۇر ئاۋازى بىلەن،
سىڭىپ كەتتى زېمىنغا تۇتاش:
«قۇتلۇق بولسۇن تويۇڭ ئانىجان،
قۇياش بولۇپ چېچىل ھەر تامان.»

× × ×

سەھرادىكى سۆيۈملۈك ئۈژۈا
يامغۇر بولۇپ ياغماقتا ئاستا.

2007 - يىلى 5 - ئىيۇن

# كەل باغرىمغا سۆيۈملۈك بوغۇن

تېنەپ يۈردۈڭ كوچىلاردا ئۇزۇندىن ئۇزۇن،
بۇ ئادەتنى كۆرمىگەنتىم سېنىڭدە بۇرۇن،
تىلىم كۆيەر ئاتاشقا ھەم سېنى بەك ھۇرۇن،
يا ئۆيۈڭدىن چىقمىدىمۇ مېھرىلىك قويۇن،
ئاناڭ بولاي، كەل باغرىمغا سۆيۈملۈك بوغۇن.

بەزەن ئاران تېپىرلايسەن، بوغچاڭ ئاستىدا،
بەزەن كۈن ـ تۈن تۇرار غەمكىن بوغچاڭ ئاسقىدا،
قىزارمايسەن ھېچ ئېچىلماس كىتاب ئالدىدا،
نومۇس ئېچرە ياش تۆكىدۇ خېتىڭ دالدىدا،
ئاناڭ بولاي، كەل باغرىمغا سۆيۈملۈك بوغۇن.

تىل سالمىغىن مېھرىبانىڭ ئاناڭغا بالام،
ئېلىشۋالسۇن ئۇستازىڭمۇ دەقىقە ئارام،
قىزىقمىغىن مۇشت ـ پەشۋاغا، بولمىغىن قارام،
ھالىڭ كۆرۈپ قاناپ كەتتى دىلدىكى يارام،
ئاناڭ بولاي، كەل باغرىمغا سۆيۈملۈك بوغۇن.

نەشە نېمە؟ قىمار نېمە؟ تاماكا نېمە؟
«ھايات پەيزى پەقەت مۇشۇ» دېمىگىن، دېمە،

كۆزۈڭ ئاچقىن، سېنىڭ ئۈچۈن كاۋاپ ھەر سىنە،
ئايرىيالماي ھالال ـ ھارام ئەقلىڭنى يېمە،
ئاناڭ بولاي، كەل باغرىمغا سۆيۈملۈك بوغۇن.
ئەدەپ ـ ھايا تاشلاپ سېنى كەتتى قاچاندا؟
يېپىلىپتۇ كىيىمىڭدە ئۈچاڭ ئاراندا،
قارا يۈزدۈر پەزىلەتسىز ھەربىر زاماندا،
ئۇنتۇغاقلىق بارمىكىن يا ئاتا ـ ئاناڭدا؟
ئاناڭ بولاي، كەل باغرىمغا سۆيۈملۈك بوغۇن.

تەرك ئەتكىن، شەيتان سېنى باشلىغان يولنى،
سۆيگىن، سۆيۈل مېھىر بىلەن تۇتقىن ھەر قولنى،
ۋاقىت كۆمۈپ تاشلىمىسۇن سەن يارغان سولنى،
دېڭىز چەكسىز، دولقۇن ئارا چىڭ تۇتقىن رولنى،
ئاناڭ بولاي، كەل باغرىمغا سۆيۈملۈك بوغۇن.

2007 ـ يىلى 20 ـ مارت

## ماۋزۇسىز

سەن سىرلىق تىلسىم
ئاچالمىدىم سىرىڭنى زىنهار،
ئىككىنچى رەت غايىب بولدۇڭ ئۈنسىز، تىۋىشسىز.
سەن نېمە؟
مەن نېمە؟
روھىمىزدا غەليان تىنىمسىز.
بىدار بولغان تۈنلىرىڭ قېنى؟
بىدار بولغان كۈنلىرىم قېنى؟
تەرەپبال قاراقلار سۆيۈشكەن شۇ چاغ،
مەشۇت يىپ بىلەن
بوغۇپ قويدۇق ئۆتمۈشىمىزنى،
بوغۇپ قويدۇق ھەممىنى...
ھەسرەتلىرىڭ
تومۇرۇمغا قويۇلدى ئاستا.
مۇڭ قاراۋۇللىرى
چەكسىزلىكتە كەلمەكتە قاتار

2007 - يىلى 20 - ئىيۇن

# چوكەي دەيمەن ئەقىدەمنىڭ تېگىگە

بىلەلمىدىم سىمىلدىغان يامغۇرنى
بۇلۇتلاردىن چۈشتىمۇ يا يۇرەكتىن.
ئايىغىمدا تۇپراق مىسكىن ياتىدۇ،
ئىزدەمدىكىن بىرەر مەنا خىلۇەتتىن.
ياپراقلارغا مۆكۈنىدۇ چېچەكلەر،
تىلەمدىكىن قەترىلەردىن مۇھەببەت.
تۆكسە ئۇلار سۆيگۈسىنى زېمىنغا،
بەلكىم قالار ئازاب بولۇپ ئۇ پەقەت.
يامغۇر بولۇپ قويۇلغۇم بار مېنىڭمۇ،
مەيلىدىغۇ سىڭىپ كەتسەم ھەممىگە.
يۇتۇپ كەتكۈم كېلەر ھەتتا سەل بولۇپ،
گۈل ئېچىلغان باغلارنىمۇ بەزىدە.
نۇرلىرىڭنى يامغۇر بىلىپ يۇيۇندۇم،
ئۆكسۈشۈمنى يوشۇردۇم گۈل بەرگىگە.
زارىقىشتىن يۇتۇپ قويدۇم تىلتۇمار،
چوكەي دەيمەن ئەقىدەمنىڭ تېگىگە.

يىلى - 2006

## ئوغلۇمغا

يۇلتۇز بولۇپ ياندىڭ دىلىمدا،
تىرەك بولدۇڭ مۇشكۇل يولۇمدا.
ئۇخلاپ قالسام تۇرتۇپ ئويغىتىپ،
كومپاس بولدۇڭ دائىم يولۇمدا.

سەن ئوغۇلسەن ئەلنىڭ تۈۋرۈكى،
پەخرى بولغىن ۋەتەن، مىللەتنىڭ.
قۇربانى بوپ كەتمە جان بالام
يامراۋاتقان يامان ئىللەتنىڭ.

نام - ئەمەلگە ساتما ۋىجداننى،
ئىشرەتلەرگە بولمىغىن زايا.
بىلىم بىلەن نۇرلانسۇن دىلىڭ
بىلىمسىزگە يوقتۇر ھېچ داۋا.

كىتاب بولسۇن قولدىشىڭ - دوستۇڭ،
ئۇندا باردۇر ئەجداد ھېكمىتى.
پەزىلەتلەر يار بولسۇن ساڭا،
چاقنار شۇندا ئادەم قىممىتى.

ئالىم بولغىن دېمەيمەن سېنى،
ئادەم بولۇپ ياشىغىن پەقەت.
بەختىڭ بولسۇن ئەل ـ ۋەتەن بەختى،
ئۈمىدىمنى چىڭ ساقلا ئەبەت.

2007 ـ يىلى 15 ـ سېنتەبىر

# دېھقانغا

باققاچقا ھەممىنى دېھقان تەر بىلەن،
ماختىندۇق قۇرلارنى بېزەپ زەر بىلەن.
ھەتتاكى ئۇچۇردۇق ياساپ پەر بىلەن،
بەس، ئەمدى ماختاشقا قالمىسۇن كۆڭۈل.

يەر بىلەن كۆكلىگەن دېھقان ئەزەلدىن،
يىلتىزى بار شۇڭا ئۇلۇغ ئەمەلدىن.
ھالال دەپ باشلىنار ھۆرمەت ئەۋەلدىن ،
مىننەتسىز ئەجرىڭدە ياشىغىن كۆڭۈل.

تەس دېسە «ھەممىدىن دېھقان بولماق»نى،
بەرھەق دەپ ئىزدىمە «دوكا» قۇرماقنى،
ئويلىما ئەجىرسىز تەييار تاماقنى،
كۆزۈڭ ئاچ، ياشىغىن جاھاننى كۆرۈپ.

سۇ قوشما سۈتۈڭگە نامىڭ بولۇر پەس،
ساختىلىق ئارىلاشقان ئىشنىڭ كۈنى تەس،
يۇرمىگىن «ياردەم»نى تەمە قىلىپ مەس،
خار قىلما ئۆزۈڭنى، ئىشلە يەڭ تۈرۈپ.

پۇل تاپساڭ تاۋكادىن قوپمايسەن بىر قىش،
بىچارە مەزلۇمەڭ ئۆتەلمەيدۇ تىنچ،
باھاردا يۈرەك سۇ قىلالماي ھېچ ئىش،
قوغلايدۇ ھاياتلىق بورىنى سۈرۈپ.

كېچەلمەي نەشىدىن كەلدىڭ گېپىڭ چوڭ،
نومۇسنى شارابقا سېتىپ يېدىڭ چوڭ،
ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، پاك دېسە ئېتىڭ چوڭ،
كىم بولدۇڭ «خېنىم»لار قوينىدا يۈرۈپ.

زارلىنىپ يېرىڭدىن، ساتتىڭ بىمالال،
دېھقان ــ يەر، يەر ــ دېھقان بىلمىدىڭ ئاۋۋال،
ئاھ، بۈگۈن قامغاقتەك يۈردۈڭ بىئامال،
ئۆيلىگەن ھالىڭنى، قوشۇماڭ تۈرۈپ.

باقىدۇ تەقدىرىڭ تەدبىرگە ھامان،
ياش تۆكسەڭ پەرۋاسىز بۇ ئۆچقۇر زامان،
دېھقاندىن تولىغۇ، يۈرگەن پەن تامان،
نى دېھقان تىرىشىپ كەتتىغۇ ئۆزۈپ.

قېيدىما، دوست ئېيتار ئاغرىتىپ شۇنداق،
تەدبىرسىز، قەدىرسىز يۈرمىگىن ئۇنداق،
دېھقان بول، دېھقاندەك تەس دېھقان بولماق،
ئەقىل تاپ، پۇلمۇ تاپ، كۆل دەۋران سۈرۈپ.

2008 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال

# ياتلاشما

چىقساڭمۇ گەر مارسقا ئاسمىنىڭدىن ياتلاشما،
ئوكيان كېزىپ يۈرسەڭمۇ تارىمىڭدىن ياتلاشما،
كۈندە بايرام كۆرسەڭمۇ ئايىمىڭدىن ياتلاشما،
ئالتۇندىن تام سوقساڭمۇ ئادىمىڭدىن ياتلاشما.

يۆلەر سېنى ئەل - ۋەتەن، يىقىلساڭ گەر قولمۇ قول،
مۈشكۈلۈڭنى قىلىپ ھەل كۆرسىتىدۇ ئاسان يول.
ئېلىڭ بارۇ سەنمۇ بار، قايىمسىۇن ھېچ تۇتقان رول،
ئىزىڭ بارمۇ جاھاندا قاراپ قويغىن ئوڭ ۋە سول.

مەردانە بول مەيداندا غايىب پىچاق ئۇرمىغىن،
دوستلىرىڭنىڭ يولىغا قاپقان - تۇزاق قۇرمىغىن.
نام - شۆھرەتنىڭ ئالدىدا بېشىڭ ئېگىپ تۇرمىغىن،
نەپسىڭ ئۈچۈن ئۆز بەدەن، ئۆز گۆشۈڭنى يونمىغىن.

گۆھەر كان بار تېگىڭدە يۈز ئۆرۈمە ئۇنىڭدىن ،
ئۆزگىلەرنىڭ ياخشىسى ئارتۇق ئەمەس بويۇڭدىن.
تارتىپ چىققىن روھىڭنى توپا باسقان يولۇڭدىن،
چىراغ بولغىن ئۆيۈڭگە رەنجىمە ئۆز ئۆيۈڭدىن.

سۆي ئىلىمنى، ئەزىزلە، ئۇنى جانغا داۋا بىل،
پەزىلەتنى بىر ئۆمۈر ھەمراھ قىلغىن، راۋا بىل.
بۈيۈك بىلگىن ئۇستازنى قىيامەتلىك ئانا بىل،
ھىممىتىنى ئەجدادنىڭ ئۇدۇم قىلغىن ھاۋا بىل.

2007 - يىلى 10 - ئىيۇن

# نېتزى كوسەندە

ئايەم كونى سەھەردە
نەشتەر ئۇرۇپ تەنلەرگە سوغۇق
يېمەكتە ئاجىزلارنىڭ روھىنى.

نېتزى
چىقىۋېلىپ ئۆگزىگە،
نەپرەت بىلەن ھومىيىپ
چالۋاقايدۇ تۇتالماستىن ئۆزىنى،
ھاسا تايىنىپ
كېتىۋاتقان ياش جۇۋانلارغا
نەۋقىرانغا
مەھەللىدىكى غېرىب بىر ئۆيدە
خۇمارى تۇتقان ياش
پىچاق تەڭلەپ ئانىسىنىڭ گېلىغا
كېسىۋالدى بىر بارمىقىنى.
ئالتۇن ئۈزۈك
قان ئىچىدىن چۈشتى توك قىلىپ.
ئاچچىق ۋايساشتىن
شەھەرنىڭ يۈرىكى كەتتى يېرىلىپ.

ئانا
ئايەمنىڭ قوچىقىدىن كەتتى يىقىلىپ...
شەھەر ئۆلدى.

شەھەرنىڭ بولۇڭىدىكى
تار كوچىدىكى قاۋاقخانىدا،
يالىڭاچ قىزنىڭ قوچىقىدا،
جان تالىشار دېھقان يىگىت
ياش ئىككەندۇق، ۋاي ئىسىت!...

نېتزى
ئۆلۈك شەھەردىكى قەبرىستانلىقتا،
گۈلخان يېقىپ ئولتۇرار
ئەرۋاھلارغا ۋەز ئېيتىپ.
ئەرۋاھلار بىمەززە كۈلۈپ
تۇرۇشماقتا
بىر - بىرىنى يېيىشىپ.

بىر قەدىم كىتاب
ئۇچۇپ كېلىپ يىراقتىن،
كۆيۇپ كەتتى پاراسلاپ.
ئوقۇلمىغان كىتاب ئۇ
بەلكىم
.

يا ئوقۇلدى بىلمەيدۇ
ھېچكىم...
شەھەر ئۆلدى.
ھاسىلارنى كۆيدۈرەر نىتزى.
يۈلتۈزلارنىڭ قىرتاق يېشىنى،
سىياھ قىلىپ ئولتۇرار بىرى...

2008 - يىلى 25 - يانۋار

# چىڭغىز بىلەن سىردىشىش

چىڭغىز ئاكا
ئىيتقۇم كەلدى
دەردىم ساڭا.
سەن مەزمۇت دەرەخ
(كۆسەندىكى يوغان تېرەكتەك)
يىلتىزى ئەسىرلەرگە تۇتاشقان.
ياپراقلىرىڭدا ئۇت بولۇپ يانار
ماناس باسقان يالقۇنلۇق ئىزلار.
سېنىڭ بىلەن تونۇلدى قىرغىز،
سېنىڭ بىلەن تونۇلدۇق ھەم بىز.

نەۋرىلىرىڭ ئەتراپىڭدىكى
گۈركىرەكنى سۆيەمدۇ سەندەك.
چۆچەكلەرنى سۆيەمدۇ سەندەك.

تېلېۋىزور يالتىراپ كۆندە،
ئېقىپ كېلەر باللار تامان.
ئويۇنچۇقلار تور توقۇپ رەڭدار،
ئىشكىلەرنى چېكەر بىمالال.
ئوغۇللىرىم چۈشتى شۇ تورغا،

قوشۇلۇپ سانسىز باللار قاتارىغا،
ئۇندا خۇمار يامان، بەك يامان
ئەنسىرەيمەن گۇناھكار ئانا
بولارمەنمۇ ئەمدى بۇ زامان.
ئۇنىڭ دەردى يامان، بەك يامان.

ئوغۇزخان كىم؟ بىلمەس باللار،
تونۇمايدۇ چىن تۆمۈرنى ھەم
«سادىر پالۋان» دېسەم غورۇردا
ئۇچالمىسا سادىر ... دەر شۇدەم.
ئۇمىدنىڭ ئاق بەتلىرى
تولۇپ كەتتى لىپمۇلىق
يالماۋۇزنىڭ سېھرىگە.
چىن تۆمۈرگە ھەمدەم بوپ
توپا چاچاي يالماۋۇزنىڭ كۆزىگە
ئۇمىد قايتسۇن ئۆزىگە.
ئېيتقىنا چىڭغىز،
بېشكەكتىكى ئوماق باللار
شېكەردىكى نەۋرىلىرىڭ ھەم
يۇرەمدۇ شۇنداق
تاتلىق چۈشنى

يالماۋۇزنىڭ چۈشلىرىگە تېگىشىپ.
«سېنىڭ ئاتاڭ دۇنۇنباي» دەپ ئۇقتۇرالماي،

ئېھتىمال،
سەنمۇ مەندەك ئۆتتۈڭمىكىن قېرىشىپ.
شېكەردىكى سەن
تارىمدىكى مەن
بىر دەرەخنىڭ شاخلىرى تۇرۇپ
بولالمىدۇق ھېچبىر تونۇشۇپ...

يېپىلمەكتە باللار چۈشى،
ئېرىمەكتە پەسىللەرمۇ سۇ بولۇپ
بىلىنىدۇ ھەتتا بەزىدە ،
قۇياشمۇ يالغاندەكلا تۇيۇلۇپ.
يۇرمەكتىمىز ئېچىمىزدە ئاھ ئۇرۇپ!

ئېھ! چىڭغىز ئاكا!
ئوغۇللىرىمنى
يولغا سالاي سەن تامان،
گۆركىرەكتىكى قايىنامدىن چىقالىسا گەر ئامان،
«مەن ئانا» دەپ ئالەمگە،
جاكارلايمەن شۇ ھامان.
نەۋرىلىرىڭ ھەم
كۆمۈلۈپ ئەسىرلىك بارخانلىرىمغا .
ماناسنىڭ چېھرىنى قىلسۇن ئايان...
مۇڭلانمىسۇن چىن تۆمۈر
مۇڭلانمىسۇن بۇ ئۆمۈر...

2007 - يىلى 15 - ئۆكتەبىر

# بۆرە رىۋايىتى

(ئايتماتوفنىڭ «قىيامەت» رومانىنى ئوقۇپ)

قىيا ئۈستىدە
نالە قىلىپ تۇرار بىر بۆرە.
بەلكىم تەڭرىدىن
ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى تىلەپ،
يۈرەكلىرى بولدى مىڭ پارە...

بۇلۇت ئۈستىدە
بىر توپ باللار
ئانىسىغا كەلمەكتە قاراپ،
بار ئاۋازى بىلەن ھۇۋلاپ...

يېلىنجىغان ساي،
ئوت ـ چۆپلەر گۈرۈلدەپ كۆيمەكتە ئۇندا،
قورال تۇتقان تۆمۈر ئادەملەر
پىتىراپ قېچىشقان بىر توپ بۆرىنى
قوغلىماقتا كۆزلىرىدە قان.
قوللىرىدا قان،
تۇپراقنىڭ قېنى.

«بالىلىرىم» دەپ يىقىلدى بىر تەن
بەلكىم ئۇ ئوقتا ئەمەس، نومۇستا ئۆلدى.
شۇ تاپتا
بولغان بولسا ئوغۇزخان چوقۇم
بىر نەرە بىلەن
ئۆلۈۋاتقان تەبىئەتكە جان بېرىپ،
تاش چاپىنارنىڭ تومۇرىغا قان بېرىپ
چىقار ئىدى كۆك بۆرە ھەققىدىكى
كونا قىسسىلەرنى يېڭىدىن يېزىپ.

تاش چاپىنار
قىيا ئاستىدىكى قاراڭغۇ غارغا
ئوغۇزخان باشلىق باھادىرلارنى
باشلاپ كەتتى بوراندەك...

بۇلۇت ئۈستىدە
بىر توپ بالىلار
بار ئاۋازى بىلەن ھۇۋلاپ
ئانىسىغا كەلمەكتە قاراپ...

ئەكبەرە
غار ئۈستىدىكى تىك قىيادا
رىۋايەت بولۇپ

بېشى بار، بېشى يوق ئادەملەر ئارا،
كەلمەكتە قاراپ.
بىر توپ باللار
تاش ئورمانلار
تاش غارلار ئارا...
ھۆۋلىماقتا قۇياشقا قاراپ
ھۆۋلىماقتا ئالەمگە قاراپ...

2008 - يىلى 3 - فېۋرال

# سۆيگۈ لىرىكىسى

— تېرىپ چۈشلىرىمنى يۈرگەن كىم ئۆزۈڭ؟
— ئاشىقىڭمەن يۈرىكىمدە سۈرىتىڭ.
— نېچۈن كىردىڭ ساھىلىمغا بىسوراق؟
— سەۋر بىلەن كۈتتۈم سېنى بەك ئۇزاق.
— كۆرمىدىڭمۇ تاشقىنلىغان دولقۇننى؟
— ئاۋۋال كۆرگىن يۈرەكتىكى يالقۇننى.
— سۈيۈم سوغۇق، مۇزلىتىدۇ تېنىڭنى.
— سەۋر بىلەن قايىنتىمەن قېنىڭنى.
— ئۆكۈنىسەن دولقۇنۇمدا تالجىقىپ،
— ئاھ، رازىمەن، كۈتتۈم شۇنى زارىقىپ.
— يۇتار سېنى چوڭقۇرۇمدا نى خەتەر،
— شۇ دەقىقە بەختلىكمەن شۇ قەدەر.
— ئازغۇن باردۇر قىيالارغا سوقتۇرار،
— مىڭ قۇياش بار ئالقىنىمدا ئولتۇرار.
— قايتىپ كەتكىن ئالىمىدىن ئەي سەيياھ،
— جەننىتىمدۇر كەڭ ئالىمىڭ بول ئاگاھ.
— دىلىم خەستە، ئۆتەر ئۆمۈر سۈكۈتتە،
— ۋىسال قۇچۇپ ياشايلى بىز ئۈمىدتە.

2008 - يىلى 10 - فېۋرال

# جىلىلىيۈزنى ئەسلەپ

جىلىلىيۈزى
يۈرتلار سەرخىلى،
ئېھتىرامدا ئەسلەيمەن سىنى.
تۆپرىقىڭغا دەسسىگەن شۇ چاغ
ئارمان قىلىپ گۈزەل ھۆسنۈڭنى.
تاۋاپ قىلماق بولۇپ سادىرنىڭ
مىڭ يىلدىمۇ ئۆلمەس روھىنى.
كۆرمەك بولۇپ باھادىرلارنىڭ
مۇھەببەتتە كۈلگەن چېھرىنى.
مەن بارغان شۇ چاغ،
قەلبى دەريا ئوغۇل - قىزلىرىڭ
چىن مېھرى بىلەن
سىققان مېنىڭ ئىسسىق قولۇمنى.
ئېسىمدە ھېلىمۇ يېلىنجاپ تۇرار،
تۇرسۇن ئاكا ئېيتقان رىۋايەت،
سادىر ئېيتقان ئوتلۇق ناخشىلار.
جىلىلىيۈزىنىڭ مەردانە ئوغلى
مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ گۈلزار ھويلىسى.
تەپەككۇردىن ياساپ بىر ئەزىم،
ئولتۇرغانىكەن سۆيۈملۈك شائىر.

«ئەسسالام»غا تۆكتى تۇمەن نۇر
ئادەملىكى بولۇپ ئاشكارا،
ئاتىلارچە تىزىپ قەترەدۇر
شىجائەتتىن بەردى بىر ھېجىر.
ئەپسۇس دېمەي بولمىدى ئىلاج،
دەقىقىلەر تۇرسىمۇ سۈيلەپ
تونۇش دىللار سىرداشتى ئۈنسىز
تونۇش دىللار چەكتى ئىزتىراپ.
جېلىلىيۇزى
مەردلەر ماكانى
قىيالماستىن قول پۇلاڭلىتىپ،
قالدى يېشىل نۇرلار ئىچىدە،
چۇۋۇغانچە دىل ئارامىمنى.
شۇندىن بېرى
خىرۇستالدەك يالتىراپ شۇ كۈن،
ئەسلىمە بوپ كۆيىدۇ ھەر تۈن...

2005 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىر

# باھار لىرىكىسى

ھاياتلىق دەرىخىم تۆكۈپ بىر ياپراق،
كەچمىشىم بەتلىرى ئۆرۈلدى قاتار.
نېمەڭ بار بەرگۈدەك دېگەندە ئەۋلاد،
قىزاردى يۈزلىرىم كەچكەندەك باھار.

قىزاردى يۈزلىرىم كەچكەندەك باھار،
نە قىلاي گۈل پەسىل ئۆتسە تىۋىشسىز.
ئاھ، ئازاب ئەمەسمۇ دەرەخ يارىلىپ،
بىراۋغا نەپ بەرمەي ئۆتۈش يېمىشسىز.

بىراۋغا نەپ بەرمەي ئۆتۈش يېمىشسىز،
گۇناھقۇ بەك ئېغىر، گۇناھ ئەزەلدىن،
باراڭنى ھەرقانچە بېزىگەن بىلەن،
يىلتىزى ۋاقتىسىز قۇرار ئەلەمدىن.

يىلتىزى ۋاقتىسىز قۇرار ئەلەمدىن،
روھىدا چېچەكلەپ تۇرمىسا يۇلغۇن.
چېھرىدە مىڭ كۈلكە تۇرسىمۇ ئويناپ،
دىل كۆزى بىتاپتۇر، قۇياشسىز سۇلغۇن.

دىل كۆزى بىتاپتۇر قۇياشسىز سۇلغۇن،
سىغىنار باھارنىڭ يېشىل ھىدىنى.
كولدۇرما ئۇنىدەك بۇيۇك بىر سادا،
يورۇتۇپ كەلمەكتە يىللار ئىزىنى.

يورۇتۇپ كەلمەكتە يىللار ئىزىنى ،
دىللارغا تۇتاشقان نۇرۇز شادلىقى.
توختايدۇ كۆز قىسىپ ۋاقىت بەزىدە،
ئېسىگە يەتكەندەك قىران ياشلىقى.

ئېسىگە يەتكەندەك قىران ياشلىقى
چۆكىدۇ ئەسىرلەر ئېغىر خىيالغا.
تۇر دوستۇم، بۇگۇننىڭ گۈزەل ھۆسنىدىن ،
بىر ئەنداز ئالايلى پارلاق ئىقبالغا.

2008 - يىلى 19 - مارت

# چىڭغىز ئايتماتوفقا مەرسىيە

ئىسسىق شامال
ئەنسىز چېكىپ ئېغىر ئىشىكنى،
بوسۇغامغا تۆكتى ئەسىرلىك
جۇدالىقنىڭ قىرتاق يېشىنى،
چۈشۈممىكىن ئوڭۇمدۇ بەلكىم
«بورانلىق بىكەت»تە ئۆزۈمگە چۆكۈپ،
تەۋەررۇك چاقتا
يىپ ئېگىرىپ يۇرگەندە بىردىن،
قۇياش قىزىرىپ
كىيىۋالدى
قارا رەڭلىك ماتەم كىيىمنى
زېمىن
دەريا بولۇپ ئاقتى كۆكسۈمدە،
كۆيدۇرگەچكە پىراق دەھشەتلىك
رەڭدار بېلىقلار
رۇس تىلىدا
تۇرك تىلىدا
يىغان چېكەر
كۆكسۈمدىكى دەريا سۈيىدە.

ئۆچۈپ يۈرەر چىرايلىق بىر قۇش
تۇمشۇقىدىن تۆكۈپ دەستە نۇر،
تارىماقتا بوشلۇقتا بىر ئۈن
«سېنىڭ ئېتىڭ دۇنەنباي...»

ئانا ساينىڭ چەكسىز ئېتىكى،
تاقىلدىغان پويىز ئۈندە
تىترىمەكتە
يۈرىكى يارا،
ئۆچىسىدا ماتەملىك قارا.
كۆزلىرىدىن چاقنىتىپ كۆك نۇر
بىر توپ بۆرە ساماغا قاراپ
هۇۋلىماقتا ئاچچىق پىغاندا،
هەسرەت يامرار پۈتكۈل تاماندا.
«قىيامەت»
دولقۇنىدا يۈيۈپ ئالەمنى،
ئويغا سالدى هەربىر ئادەمنى.
قەدەملىرى هارغىن «گۈلسارە»
داۋانلىق يولدا
قۇۋۋىتىنى يىغىپ ئاخىرقى
شورىماقتا هاياتلىقنىڭ لېۋىنى،
ئايان قىلىپ گۈزەللىكنىڭ سىرىنى.
بېشى ئۇزۇلگەن بۇغا بالىسى

يۈگۈرمەكتە دېڭىزغا قاراپ،
ئىسسىق قانلار

كەتتى دېڭىز باغرىغا تاراپ.
كۆپكۆك دېڭىز، دولقۇن باغرىدا
ئۆپقۇنلارنى يېرىپ «ئاق پاراخوت»
بېلىقلارغا تۆكەر رىۋايەت،
ئۇندا يانار گۈزەللىكتىن ئوت.

بىر ئوغۇل بالا
ئۆپۈق تېگىدىن
كۆتۈرۈلدى قۇياش بىلەن تەڭ...
«ئالا ئىت قىياسى»
يۈرەكلەرگە بەردى يېشىل رەڭ.
چىڭغىز
«چىڭگىزخانىنىڭ ئاق بۇلۇتى» ئۈستىدە
ئىلاھىي سۆيگۈنىڭ تەپتىدىن ئېرىپ،
يۈرمەكتە «جەمىلە»نىڭ ھىدىنى تېرىپ.

بالتىق بويىدا
بىر گۈزەل ئاق قۇ
ئاشىقنى كۈتەر بىتاقەت،
جىمجىت ساھىلدا
ۋىناس

چايكىلارنىڭ خۇشاللىقىدىن
ياسىماقتا بۈيۈك ئىمارەت.

بىر توپ ئادەملەر
سۆرىمەكتە،
شەرقتىن غەربكە
غەربتىن شەرققە
«كاساندىرا تامغىسى»نى رېلىسقا سىلىپ،
ئۆتەر ۋاقىت يۇرەكنى ئېزىپ.

مەن چۇشۇمدىكى ئالتۇن قەسىردە
ئۆتمۇشۇمگە چۆمۇلدۇم ئۇزاق،
كۆيدۇرگەچكە بىر ئىزگۇ پىراق.
چېكىلدى ئىشىك،
باردىم يۇگۇرۇپ
بىر توپ كىتابلار كىردى تىزىلىپ:
«بىز چىڭغىزنىڭ بالىلىرى
بولۇنمىغان تېخى يېزىلىپ...»
— ئۆزى قېنى؟ كەلمەيتۇ بىراق؟
— كېتىپ قالدى ئۇ بىزدىن يىراق.
— ۋادەرىخا، سۆيۇملۇك ئوغلان
بارالمىدىم سۆھبىتىڭ تامان.
روھىمىزدا ياشايدۇ روھىڭ،

بىز قەلبداش، تومۇرداش ھامان،
بىزگە قالدى بىر ئۇلۇغ ئارمان...

**2008** - يىلى ئىيۇن

# كېچىش

ئىشىكىمنى چەكمىگىن شامال،
ئالالمايمەن سەن تامان قەدەم.
ئالىمىمگە كېتەي تىپتىنچ،
قىيان بولۇپ تۇرسىمۇ ئەلەم.

دېرىزەمدىن بالقىسا قۇياش،
چېھرىدىن نۇر تۆكتى دەپ بىلەي.
تەلمۈرگەندە تولۇن ئاي مۇڭلۇق،
تومۇرۇمغا چۆكتى دەپ بىلەي.

تۇيۇشىڭنى قويغىن قالدۇرۇپ،
ئۇ تۇنىسۇن نەپەسلىرىمدە.
سۆكۈتلەرنىڭ پەرلەي ئوتىنى،
ئارام تاپسۇن قەپەسلىرىمدە.

2008 - يىلى

# شېئىرسىراش

كۆكتىن تامغان كۆك نۇردەك
ئېقىپ چۈشتى يۈرەككە بىر ئوت...

بارخان كۆيەر ئوت بولۇپ،
دەريا كۆيەر ئوت بولۇپ،
ئورمان كۆيەر ئوت بولۇپ،
يەر شارىنىڭ تومۇرلىرىدا
شېرىن چۈشلەر كۆيەر ئوت بولۇپ.
ئوت
ئوت
لالەرەڭ گۈللەر بەرگىدىمۇ ئوت.
ئاھ ...
ئوتنىڭ تىلى
قۇرغاق شۇ قەدەر
كېلەر ئۈندىن تۇپراقنىڭ ھىدى.
ئىش تاشلىغان بۇلۇتلار تامام،
سويۇلماقتا ھاۋانىڭ لېۋى،
سويۇلماقتا دەريانىڭ قېنى.
ئەنسىز ئۇنلەپ كۆۋۈكتا كەپتەر،
تولغاق دەردىن تارماقتا شۇدەم.

شېئىر ئىكەن ئۆنىڭ تىلىكى،
شېئىرسىراپ كەتكەندەك ئالەم.
نېچۈن تەنلەر تىترەيدۇ غەمكىن،
نېچۈن تۇغراق سويۇلار قات ـ قات.
ئويلىدىڭمۇ سۆيۈملۈك شائىر؟
شېئىرسىراپ كېتىپتۇ ھەممە،
شېئىر بولۇپ تۆكۈلگىن پات ـ پات.
دوزاختىكى ئوتنىڭ باغرىمۇ،
شېئىرىڭ بىلەن بولىدۇ ئاۋات.
ھايات سەندۇر، سەندۇرسەن ھايات...

2008 ـ يىلى

## مۇھەببەت

ئالقىنىمدا كۆيمەكتە بىر ئوت،
دىلخانامغا كۆچكەندەك قۇياش.
سىرقىرايدۇ تومۇرلار يەڭگىل،
ئىزگۈلۈككە بېرەلمەي بەرداش.

پىچىرلايدۇ جىگدىلىك باغلار،
بولغانمىكىن يۈرىكى زېدە.
يوللىرىمغا يېقىلىپ بىر مۇڭ،
سۆكۈتلەرگە سالماقتا گىرە.

ئاتەش بولۇپ يۇلغۇن چېچىكى،
بارخانلارغا تۆكەر مۇھەببەت.
زىنىخىغا زېمىن ئانىنىڭ،
ئاشىق قۇشلار رەڭ بېرەر ئەبەت.

يۇلتۇزلارنىڭ كۆزلىرى ياشلىق،
يوشۇرالماس سىرىنى پىنھان.
پەسىللەرنىڭ باغرىدا ساھىل،
ئىزتىراپتىن چېكىدۇ پىغان.

مەن كېلىمەن چىغىر يول ئارا،
مومام ئېيتقان چۆچەكنى ئەسلەپ.
مۆز ئوكياندىن كېلەر بىر سادا،
ھاياتلىقنىڭ شامىنى پەرلەپ...

2008 - يىلى

# سەن ۋە مەن

سەن
قاچانلاردا كىرىۋالدىڭ ئۆيۈمگە...
قۇياش
ئىشىكىمگە كەلگەندە تەمكىن،
ئاچمىغانىدىم.
تولۇن ئاي
دېرىزەمگە كەلگەندە غەمكىن،
باقمىغانىدىم.
شاماللار پەسىللەردىن توقۇسا رومال،
ئارتمىغانىدىم.
دولقۇنلار
سۈزۈپ بەرسە دېڭىزدىن گۆھەر،
تاقمىغانىدىم.
قۇشلار
كۈي كۈيلىسە، كۈيىگە ھېچ ئۈن
قاتمىغانىدىم.
زېمىن
چىللىغاندا باغرىغا تارتىپ،
باتمىغانىدىم...
سەن

هاۋا بولۇپ ئۇنسىز، تىۋىشسىز
كىرىۋالدىڭ قاچانلاردا ئۆيۈمگە...
سەن ،
شېئىر بولۇپ تومۇرۇمغا قويۇلغان دەقىق،
ئالەم تۇغۇلدى ئانىسىدىن،
مەن تۇغۇلدۇم يېڭى ئالەمدىن.
ئالىمىڭنى ئاچقىنا نىگار،
ئۇدۇم بارمۇ ساڭا ئادەمدىن؟

2008 - يىلى

## ... غا

قۇياش بولۇپ زېمىننى سۆيگىن،
چاقماق بولۇپ قەھرىڭنى چاچقىن.
توغراق كەبى ياشىغىن قەيسەر،
دولقۇنلارنىڭ باغرىدا ئاققىن.

يېشىل بولۇپ كۆكلىگىن، كۈلگىن،
يۇگەن سالغىن قايغۇ - ئەلەمگە.
ئۆتۈپ كېتەر ھەممە، ھەممىسى،
يامغۇر بولۇپ تۆكۈل ئالەمگە.

2008 - يىلى

# ئوغلۇمغا

(بىر ھەسرەتلىك دادىنىڭ تىلىدىن)

ئوغۇل دەپ ئىلتىجا قىلىپ كۈنۈتۈن،
ئارمىنىم بېغىنى ياسىدىم گۈزەل.
نۇر بولۇپ تۆكۈلدۈڭ قوينۇمغا بىر كۈن،
شادلىقتىن تېپىرلاپ يۈردۈم بىمەھەل.

ئوغلۇم دەپ كۈلگىنىم قېنى غۇرۇردا؟
كۈتكەنتىم ئىزىمدىن قالار دەپ بىر ئىز.
كۆرەي مەن قاي كۆزۈم بىلەن ھالىڭنى؟
مەھكۇم قىپ ئاپتۇغۇ رەھىمسىز ئەيدىز!

چارچىما دەپتىمەن كىتاب ئوقۇساڭ،
قېيداپمۇ قاپتىمەن مەكتەپكە ھەتتا.
«شام» بولۇپ ئادەملىك ھەققىدە بىر رەت،
بېرەلمەي كەپتىمەن دىلىڭغا زىيا.

كۆڭۈل دەپ ئاناڭدىن ئاجرىشىپ ئىست!
ئازابتا داغلىغان ئىدىم دىلىنى.
مەنمۇ ھەم تاپمىدىم دەقىقە ئارام،
ئۆچۈرگەن ئىكەنمەن بەخت ئىزىنى.

بوسۇغدىن كىرگەندە غەمكىن ياش تۆكۈپ،
ياراڭنىڭ ئۈستىگە سېپىپتىمەن تۇز.
«ئاناڭنىڭ ئۆيى»دىن كەلسەڭ مۆڭلىنىپ،
«باغرىم» دەپ باغرىمنى ئاچماپتىمەن ئۇز.

قەلبىڭنى چۇشەنمەي ئۆتۈپ بىر ئۆمۈر،
سېنىڭدىن رەنجىشكە تولۇپتۇ قەلبىم.
ئەل - ئاۋام نەپرەتتىن ئاتقاندا چالما،
سەگىدىم، ئۆزۈمنى ھەر يەردىن تەردىم.

قۇياشىم ئىدىڭغۇ ئالىمىمدىكى،
قەدرىڭگە يەتمىدۇق بېرەلمەي مېھىر.
ئاجراشقان شۇ كۈندىن بۇيان شوخ كۈلكەڭ
توزۇدى جادۇگەر قىلغاندەك سېھىر.

«ئوغلۇم» دەپ پۈل ئۈچۈن يۈرۈپ ھەر كويدا،
«دوستۇڭ كىم؟» «ئۆزۈڭ كىم؟» سورارلدا مەن يوق.
تورخانا، دىسكوخانا، قاۋاقتا يۈرسەڭ،
«توغرا يول ئەمەس بۇ» دېيەردە مەن يوق.

تاماكا، نەشىدىن ئۆتۈپ خېروئىن،
چەككەندە «چەكمىگىن» دېيەردە مەن يوق.
ئىشرەتكە بېرىلسەڭ نوقۇپ بىرەر رەت،
«كىچىكسەن، يول خەتەر» دېيەردە مەن يوق.

قېرىنداش ياتلاشتى ھالا بۇ كۇندە،
چۈنكى سەن «بۇلاڭچى» «ئوغرى» ئاتالدىڭ.
«ئەيدىز» دەپ باشقىلار ئۆتسە سەسكىنىپ،
تالاي رەت روھىڭغا ئۇنسىز پالاندىڭ.

ئىنسابنى، ئىپپەتنى، قەدىر - قىممەتنى،
نان قىلىپ يېگەننى كۆرگەنمەن تولا.
ئاھ، نېچۈن «سەگەك بول» دېيەلمىدىم مەن،
ئېھتىمال، ئۆزۈمدە پەزىلەت چالا.

پۇشايمان ئالارغا تاپالماي قاچا،
يۈرىكىم ئازابتىن بولدى مىڭ تىلىم.
ئەل - ئاۋام قارغىشى ئالغان بۇ تەندە
غېرىبلىق دەردىدىن ئۆرتىنەر روھىم.

مىسالى گۆھەركەن پەزىلەت دېگەن،
ھەقىقەت: پۇل ئەمەس ھەممىگە قادىر.
نىكاھنىڭ قورغىنى بۇزۇلغان دەمدە،
جىمىكى پالاكەت تۇراركەن ھازىر.

يىرگەنسە باشقىلار ھالىڭغا قاراپ،
سانجىلدى يۈرەككە تۇمەنمىڭ يىڭنە.
قېنىڭنى قېنىمغا قوشتۇم جان بالام،
دەردىڭگە شېرىك بوپ ئۆتەي دەپ بىللە.

كەل ئوغلۇم، غەنىيمەت قالغان ئۆمۈردە،
سۆزلەيلى ئىبرەتلىك كەچمىشنى هارماي.
ئەيدىزنىڭ چاڭگىلى ئىكەن بەك قاتتىق،
ياشىسۇن باشقىلار هاياتتا ئازماي.

2007 - يىلى 18 - ئىيۇل

# ئۆلۈم لىرىكىسى

مەن گۈزەلمەن ئالەمدە چەكسىز،
مەن تىرەنمەن دېڭىزدىن تەگسىز.
مەن يەڭگىلمەن ھاۋادىن يەڭگىل،
يۇمىلاقمەن شەكىلسىز، قىرسىز.

مەن ئېغىرمەن جانغا پاتقۇدەك،
مەن سوغۇقمەن سۆڭەك قاتقۇدەك.
مەن بىرەھىم ئالەمنى يۇتار،
يۈگەنسىزمەن تاشلاپ قاچقۇدەك.

ئەزىزلىنىپ قالىمەن بەزەن،
زارىقىدۇ يۈرەكلەر ھەتتا.
تاپالمىغان شېرىن دەملەرنى،
ھاتەم بولۇپ قىلىمەن ئاتا.

مېنىڭ بىلەن يادلىنار سۆيگۈ،
مېنىڭ بىلەن سۆيۈلەر ھايات.
مېنىڭ بىلەن چاقنار پەسىللەر،
مېنىڭ بىلەن نۇرلىنار مامات.

ئاھ، چۈشەنمەس لېكىن ئادەملەر،
مەن بولمىسام جاھان نە بولۇر.
چۈشەنمىسە قىسقا ھاياتنى،
ئۆزۈن ياشاپ نېمە ھەل بولۇر؟!

گۈزەللىكنى سۆيىمەن مەنمۇ،
رەزىللىكتىن قاچىمەن يىراق.
گۈزەللىكى ئۈچۈن ئالەمنىڭ،
ئۆزۈم رەزىل ئاتالدىم بىراق...

2009 - يىلى 23 - دېكابىر

# ئۇستازسەن قەلبىڭدە ئالەم گۈللىگەن

ئەزىز قىپ يارالغان ئىنسان ئەسلىدە،
كۆك، دېڭىز قول باغلاپ تۇرار ۋەسلىدە.
ئاي، قۇياش مۇقەددەس بىلىپ ئۇلارنى،
نۇر تۆكەر ئالەمنىڭ جىمى پەسلىدە.

شۇ ئۇلۇغ ئادەملەر ئارا يورىدۇ،
تەپەككۇر ئوتىنى يۈۋلەپ بىر ئىنسان.
مىڭ ئالتۇن ئەرزىمەس تامچە تەرىگە،
پۈتىدۇ ئەجرىدىن بىھېساب داستان.

كۆتۈرۈپ قولىدا يالقۇنلۇق مەشئەل،
نادانلىق دەشتىدىن ئاچار نۇرلۇق يول.
تىترەيدۇ ۋۇجۇدى تاغنىڭمۇ ھەتتا،
تەۋررۈك قولىغا تۇتاشقاندا قول.

ئۇ قۇياش قەلبىدە مىڭ ئالەم كۆلگەن،
ئۇ ئىقىن ئۇزۇلمەس چۆللەرنى سۆيگەن.
ئۇ كىتاب، دۇر ـ ھېكمەت سىرلار بۇلىقى،
ئۇ تارىخ، ھەقىقەت ئىشقىدا كۆيگەن.

قېنى كىم ياشىغان ئۆنىڭدەك مەغرۇر؟
كىمدە بار ئۆندىكى يۈرەكتەك يۈرەك؟
كىم كۆيدى ئۆنىڭچە ئەۋلادقا يەنە؟
كىمدە بار ئۆندىكى مۇھەببەت، تىلەك؟!

ۋادەرىخ! كەم ئەقىل بولغاچقا بىزلەر،
يەتمەيمىز بەزىدە ئۆنىڭ قەدرىگە.
مەسخىرە، كىنايە، تەنە، دوق بىلەن
بېرىمىز جاۋابنى ئاققان تەرىگە.

باغرىنى يارغاچقا بالا ئانىنىڭ،
كۆيىدۇ پۈشتىغا جىمى جان شۇنداق.
ئۆزگىنىڭ پۈشتىغا بالام دەپ كۆيۈش،
كەلمەيدۇ ھەممىنىڭ قولىدىن بىراق.

ئېھ بۈيۈك مۇئەللىم، قەدىرلىك ئىنسان،
نۇرۇڭدىن ئالەمگە توكۇلەر ئېھسان.
قەلبى كور ئەجرىڭنى كۆرەلمىسە گەر،
كۇلۇپ قوي، ئەمەسقۇ ياشىماق ئاسان.

سەن قارلىق تاغدىكى جەسۇر لەيلىسەن،
سەن قارىغاي، تىك تاغدا كۆككە ئۆرلىگەن.
سەن ھەممە، ھەممىسەن ئۈمىد چاقنىغان،
باھارسەن، قەلبىڭدە ئالەم گۈللىگەن!

2008 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر

## مۇھەببەت

(داستان)

ياغماقتا باغرىمغا لەپىلدەپ ئاق قار،
ئارامىم چېھرىنى سۆيۈپ يېقىملىق.
سۈكۈتلەر شۇىرلاپ كۆتۈردى غەليان،
تۇيغۇمدىن تارىدى بىر كۈي يېقىملىق.

كېلىمەن ئادەملەر ئارا سىغدىلىپ،
قىسمەتنىڭ مۇز تۇتقان چىغىر يولىدا.
دېكابىر قۇياشى مۇڭلۇق، بەك مۇڭلۇق،
بارمىكىن مۇھەببەت خېتى قولىدا.

تۇپراقنىڭ جىملىقى چاقنىغان دەمدە،
بىر ئىسسىق ھېكايەت تارالدى ھەريان.
زېمىننىڭ ۋۇجۇدى كەلدى لەرزىگە،
سۆيگۈنىڭ قۇدرىتى بولغاندا ئايان.

* *

مۇھەببەت ھەققىدە تۆكۈلسە قەترە،
كېتىدۇ ئوي - خىيال يىراق - يىراققا.

پەرھادنىڭ قىسمىتى، شىرىن سۆيگۈسى،
قالدۇ بەرھەم بوپ ھىجران - پىراققا.
بەزىلەر دەر شۇنداق: زامان ئوخشىماس،
ئۇ چاغلار يوق ئىدى ئەركىن مۇھەببەت.
تاۋلىغاچ ھىجراننىڭ دەشتى - سەھراسى،
بولغانكەن سۆيگۈسى ئۈزۈلمەس ئەبەت.

ياشىسا گەر پەرھاد ئۇچۇر دەۋرىدە،
شىرىنچۇن قازالماس ئىدى بىر ئېرىق.
تاھىر ھەم زۆھرەسى ئۇچۇن ئۆزىنى،
قۇربان قىپ يۈرەلمەس ئىدى، بۇ ئېنىق.

مەن دەيمەن، ھەققىمىز يوقتۇر ئۇلارنى
بۈگۈنگە تارتقۇشلاپ قارا چاپلاشقا.
ھاياتنىڭ يىلتىزى نېمە؟ بىلەلمەي،
مۇھەببەت ئۆلدى دەپ قۇرۇق باتناشقا.

قېرىنداش ئەسلىدە ھايا، چىن سۆيگۈ،
ئۇ ياشنار پاكلىقنىڭ قېنىدا ھەردەم.
ساداقەت، ۋاپادىن نۇرلىنار دۇنيا،
ئۈمىدنىڭ قوينىدا تۇرۇۋەر بەردەم.

چەكسىز رەڭ دولقۇنى ئىچرە بۇ زامان،
ئۇيۇقنىڭ لېۋىگە چىكەر ھېكايەت.

ئۇندا بار قان ـ ھەسرەت، ئۇندا بار ھېكمەت،
يۇرەكتە ئاڭلىغىن بولماي بىتاقەت.

بىر جۇپ ياش تام قوشنا ئىكەن ئەسلىدە،
گۆدەكلىك، باللىق كەتكەن چىرمىشىپ.
قەلبىدە مۇھەببەت بىخلانغان دەمدە،
شۇم قىسمەت ئەزۋەيلەپ قاپتۇ قېرىشىپ.

يىگىتنىڭ دادىسى ئىكەن بۇ يۇرتتا،
گېپى چوڭ، يېنى چوڭ، زوۋۇلىسى چوڭ.
نامراتتىن ئۇ دائىم قاچاركەن يىراق،
ئەزەلدىن بوپ كەلگەچ يولى راۋان، ئوڭ.

ھەشەمەت يالتىراپ تۇرغان قورۇدا،
جاراڭلاپ تۇراركەن توقلۇقنىڭ ئۈنى.
ھەسەتتىن تولغىنىپ تۇرالماي شەيتان،
غاپىللىق تىلەركەن يىغلاپ ھەر كۈنى.

نامراتلىق ئىلكىدە ياشار ئىكەن قىز،
ۋايىم يەپ كېسەلگە پاتقان دادىدىن.
تىنىمسىز ئۆتەركەن ئۆينىڭ غېمىدە،
مۇڭ ـ ھەسرەت تاماركەن يۇرەك تارىدىن.

ھايا ۋە ئەدەپتىن بولۇنسا گەپ ـ سۆز،
ئۇ ھامان تىللاردا بولاركەن داستان.
ھۆسنىدىن ھەتتاكى تولۇن ئاي خىجىل،
يۈلتۇزنى مەڭزىگە خال قىلىپ ئاسقان.

قىز رايى بولمىغاچ، تالاي يىگىتلەر
لىۋىنى ھەسرەتتە قالاركەن چىشلەپ.
بىلەلمەي قىزنىڭ ئارمىنى نېمە،
ئانىسى تەشۋىشتە يۈرەركەن كۈنلەپ.

مۇھەببەت يېلىنجاپ تۇرسىمۇ دىلدا،
قىز رايى بويىچە يىگىت كۈتۈپتۇ.
پىغاندا ئاي تولغان تالاي كېچىلەر،
ئاشىقلار دەردىدىن ئەلەم يۇتۇپتۇ.

سەۋرىسى تولۇپتۇ يىگىتنىڭ بىر كۈن،
چىللاپتۇ گۈلگۈمدا يارىنى باغقا.
دەپتۇ ھەم: مۆكۈشمەك بولار ئەمدى بەس
سۆيگۈمىز ئاشكارا بولسۇن جاھانغا.

قىز دەپتۇ: نامراتلىق ئەمەسقۇ گۇناھ،
ئاھ، شۇدەم باسماقتا قەلبىمنى قىيان.
كۆزىگە ئىلمىسا دادىڭىز بىزنى،
مۇھەببەت قان يۇتۇپ چەكمەمدۇ پىغان.

مەن سىزنى سۆيىمەن، سۆيىمەن پەۋەس،
قەلبىمدە سىز ئۇچۇن يانار ئوت - گۈلخان.
رازىمەن ھەر قەترە سۆزىڭىز ئۇچۇن،
مىڭ جېنىم بولسىمۇ ئەيلىسەم قۇربان.

ئاھ، لېكىن سەدپارە ئاتا - ئانامنى ،
خورلۇقتا، نومۇستا قويغۇم يوق پەقەت.
ئۇنتۇلسۇن ئەسلىمە، گۈزەل خاتىرە،
سىز ئۇچۇن دۇئا قىپ ئۆتىمەن ئەبەت.

ئىزتىراپ ئىلكىدە تولغىنىپ يىگىت،
يارنى باغرىغا بېسىپتۇ مەھكەم.
شۇىرلاپ دەپتۇ ھەم قۇلاقلىرىغا :
سەن مېنىڭ پەرىشتەم، سەن مېنىڭ ئەركەم.

ئۆلۈمدۇر بىر تامچە يېشىڭ مەن ئۇچۇن ،
مىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىپ يۈردۈم ھەر كۈنى .
ياشايمىز ئايرىلماي ئىككى ئالەمدە،
يەر - ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتسىمۇ قېنى.

كەلدى پەيت ئانامغا دەيمەن سىرىمنى،
ئاتامغا يېلىنىپ تىلەيمەن شەپقەت.
بولسىلا زەررىچە ئۈمىد ئۆلاردىن،
تەڭلىكتە قويمايمەن سىلەرنى پەقەت.

مال ـ دۇنيا ئوغلىدىن ئۇلۇغ بولسا گەر ،
يېنىڭغا كېلمەن كېچىپ ھەممىدىن .
كۆز ياشتىن ھېچنېمە پۈتمەس ئەزىزىم ،
بەس ئەمدى، ئۆتەي مەن سۆكۈت ـ سەۋرىدىن.

سۆيۈنۈپ شامالىلار، سۆيۈنۈپ يۇلتۇز،
سۆيگۈنىڭ قۇدرىتىدىن لال بولۇپتۇ .
تولۇن ئاي غۇنچىدەك ئېچىپ چېھرىنى،
شېرىن چۈش قۇچىقىغا باش قويۇپتۇ .

*　　　　*

بېرەتتى ئەركەكلىك ھەققىدە ئۇدۇم،
پەرزەنتكە تاغ بولۇپ ئاتىنىڭ باغرى.
مۇشەققەت دەشتىدە بولۇپ تىلتۇمار،
تەسەددۇق ئىدىغۇ ئانىنىڭ بارى.

ۋادەرىخ! بىچارە ئاشىق يىگىتنىڭ،
تاش بولۇپ كېتىپتۇ ئاتا ـ ئانىسى.
تۆرىلىپ كەلسىمۇ ئۇ قىز قايتىدىن،
كېلىنىم دېمەسكە كۆپمىش بانىسى.

غەزەپتىن گۈركىرەپ دەپتۇ دادىسى:
«ئۆزۈڭ كىم، سەن كىمنىڭ پۇشتى ـ ئەۋلادى.

كۆز تىكىپ دوست ـ دۈشمەن تۇرسا بىر ماڭا ،
كۆڭلۈمنى تىنچ ـ ئامان قويمىدىڭ زادى.

لايىقىڭ بار سېنىڭ ئورنىمىز ئوخشاش ،
يولىمىز، ئويىمىز، قۇربىمىز ئوخشاش.
قىلىمىز تويۇڭنى ھەپتە ئىچىدە ،
بولمىسۇن بۇ ئۆيدە ئەمدى دەتالاش.

مۇھەببەت دېگەنگە تويامدۇ قورساق،
مۇھەببەت بېرەمدۇ ساڭا يۈز ـ ئاتاق.
ئالقىنىڭ ئىچىدە تۇرمامدۇ ئۇ قىز،
سەن ئۈچۈن ئۇ پەقەت بىر قاچا تاماق...»

«قانداقچە دادام بوپ قالغانسەن ئىسست،
بەس، ئەمدى ئاڭلاشقا تاقەت مەندە يوق.
مال ـ دۇنيا ئۆمۈرلۈك ئەمەس ھېچكىمگە،
ئامانەت بۇ جانمۇ بەلكىم ئەتە يوق.»

مۇھەممەت پېشىنى قېقىپ كېتىپتۇ،
يارىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ.
دادىنىڭ سۆزىنى دېيەلمەي قىزغا،
نومۇستىن ئۆرتىنىپ ئويغا پېتىپتۇ.

كەچۈرگىن خۇشاللىق بېرەلمەي ساڭا،
كۆزۈڭنى ياشلىدىم ئازابقا سېلىپ.
مەن تىغدەك يېگانە قالدىم ئالەمدە،
پەقەت سەن تۇرىسەن روھىمدا يېنىپ.

ئىككى يول كۈتمەكتە بىزنى بىتاقەت،
يا ئۆلۈش، يا قېچىش تاللىغىن تېزراق.
خاھىشىڭ بۇ يولغا كىرەلمىسە گەر،
خىجالەت بولمىغىن كېتەي مەن يىراق.

دەپتۇ قىز ياپراقتەك تىترەپ، بوغۇلۇپ:
«مېنى دەپ رىيازەت چەكمىگىن جېنىم.
بەختىڭنى كۆرسەملا رازى مەن ئاڭا،
سۆيىمەن بىر تامچە قالغۇچە قېنىم.

ھاقارەت، نومۇستۇر ئاتا ـ ئانامغا،
بەختىمنى تاپاي دەپ سەن بىلەن قېچىش.
سۆيگۈدە ياشىدىم مىڭ يىلغا تەۋە،
بەختىمدۇر سەن بىلەن ھەممىدىن كېچىش.»

*          *

باھارنىڭ پىغانى تاشقان بىركۈنى
يىگىتنىڭ ئانىسى كىرىپتۇ تۇۋلاپ.

غەزەپلىك نەشتىرىن سانجىپ يۈرەككە،
چەيلەپتۇ ھەممىنىڭ روھىنى ئۇۋلاپ:

«ئەمەستۇر باھارخان ئوغلۇمنىڭ خىلى،
ئەر چىقماس قىزىڭنى ئەرگە بەر تېزراق.
مۇھەممەت توي قىلار كېلەر شەنبىدە،
ھالىڭغا بېقىشقىن، تۇرۇشقىن يىراق...»

داغلاندى ئاتىنىڭ، ئانىنىڭ دىلى،
سانجىلدى يۈرەككە تۇمەنمىڭ پىچاق.
«جان قىزىم، تويۇڭنى قىلايلى» دېدى،
ئانىسى سەل بولۇپ ئاچقانچە قۇچاق.

ھاقارەت پاتقاچقا سۆڭەككە قاتتىق،
باھارنىڭ ئۆيىدە جابدۇندى تويغا.
پۈتۈلدى توي ۋاقتى كېلەر شەنبە دەپ،
قىسمەتمۇ گاڭگىراپ يىقىلدى ئويغا.

كۆيگەندەك تۇيغۇنىڭ شاخلىرى تۇتەپ،
تۇمانلار ئىچىدە تېنەر ئاشىقلار.
مەھەللە مۇڭلىنىپ قاپتۇ روجەكتەك،
تومۇردا قاتقاندەك جىمى شادلىقلار.

شەنبەدە توي قىلدى باھار بىرسىگە،
شەنبەدە ئۆيلەندى مۇھەممەتمۇ ھەم.
تىتىلدى يۇرەكلەر ئاقتى سۇ بولۇپ،
رىشتىلەر باغلىنىپ تۇرغاچقا مەھكەم.

شەپەقنىڭ جۇلاسى يوقالغان دەمدە،
مۇھەممەت باھارغا بەردى بىر خەۋەر:
كۈتمەن ئەزىزىم سېنى بۈگۈن كەچ،
چىلىلدى قوينىغا ئاخىرقى سەپەر.

قاپقارا چېچىنى يايغاندا كېچە،
قىز چىقتى ھۇجرىدىن ئاستا شىپىرلاپ.
زارىقىپ يولىغا تەلمۈرگەن يىگىت،
باھارىم كەلدىڭمۇ، دېدى شىۋىرلاپ.

ئۆتمەكتە غۇيۇلداپ ئاخىرقى دەملەر،
قېنىش يوق يۈرەكلەر تۇرار تەلپۈنۈپ.
دېيىشتى ئۆتەيلى ئۇ ئالەمدىمۇ
مېھماندەك ئەزىزلەپ، كۈتۈپ، تەلمۈرۈپ.

ساقىغان يۈلتۇزدەك كۆچىمىز بۈگۈن،
غېرىبلىق، تەنھالىق قالار بۇ يەردە.
«گۇناھ» دەپ گۇناھنى قىلدۇق ئىختىيار،
پاك سۆيگۈ تاللاشقا دۇچ كەلگەن دەمدە.

ئېھتىمال ھاماقەت، ساراڭ ئاتىلىپ،
يۈرەرمىز ئادەملەر ئاغزىدا ئۈچۈپ.
ۋاقىتنىڭ تىنىمسىز ئاياغلىرىدا،
كېتەرمىز بىركۈنى ئاستا ئۇنتۇلۇپ.

كېچىنىڭ يۈرىكى سوقىدۇ دۈك - دۈك،
يۇلتۇزلار تولغىنىپ يانار پىلىلداپ.
كونا جاي - مۇقەددەس سۆيگۈ بۆلىقى،
چىدالماي ھىجرانغا كەتتى زىڭىلداپ.

تارىدى مەھەللە باغرىنى سۆيۈپ،
بامداتقا چىلىلغان ئەزان ئاۋازى.
ئاشىقلار قىبلىگە يۈزلەندى شۇدەم،
يەتكەندەك تەڭرىگە يۈرەك ئازاۋى.

ئەلۋىدا ئانىجان، ئەلۋىدا ئاتا،
ئارمىنىڭ تۇزۇدى نازۇك قولۇمدا.
روھىمدىن، جىسمىمدىن يالتىرار پاكلىق،
سۆيگۈ بار پەقەتلا ماڭغان يولۇمدا.

ئەلۋىدا گۈل زېمىن! ئەلۋىدا ھايات!
ئەلۋىدا مېھرلىك، مېھرسىز يۈرەك!
ئەلۋىدا، قايىنغان بۇلاقتەك ئارزۇ،
ئەلۋىدا، ئارماندا كەتكەن جۈپ بىلەك!...

*        *

ماماتنىڭ شىخدا بىر جۈپ كۆك كەپتەر،
ئاق شايى لېنتىغا تۇرار ئېسىلىپ.
قىزاردى ئالەمنىڭ يۈزى بىمەھەل،
ئاھ! تۈننىڭ لىباسى كەتتى يىرتىلىپ.

ئاق لىباس ئىچىدە بىر توپ پەرىشتە،
يۈرىدۇ سۇبھىنىڭ چېچىنى تاراپ.
مەرىكە بارمىكىن بۈگۈن ئاجايىپ،
كېلىدۇ ئەتىرگۈل پۇرىقى تاراپ.

جۈپ كەپتەر كۆزىدە چاقنىدى قۇياش،
ھەيرەتتىن تېخىرقاپ قالدى يەر - زېمىن.
ئالقىشلاپ كۆزىنى ياشلىدى ساما،
قىز - يىگىت ئەسلىگە قايتقاندا بىردىن.

ئوتقاشتەك قىپقىزىل لىباس ئىچىدە،
كۆيمەكتە گۈرۈلدەپ ئاشىق يۈرەكلەر.
يول باشلاپ ساماۋى نۇرلار ئىچىدە،
پەرىشتە چاچماقتا ئوتلۇق تىلەكلەر.

بىر كاتتا سورۇندا قىزىماقتا توي،
ئۇندا بار مۇقەددەس ئاتىمىز ئادەم.

زۇلەيخا، شىرىن ھەم رابىيە ئۇچۇن،
ئاشىقلار قۇرغانكەن يىپپىڭى ئالەم.

تۇشمۇتۇش غۇلغۇلا قىلىشىپ ھەممە،
تۆكۈپتۇ زېمىندا ئۆتكەن كەچمىشنى.
بىرلىرى مۇڭلىنىپ، بىرلىرى خۇشال،
ئەسلىشىپ ئۆتۈپتۇ بۇيان كەلمىشنى.

ئادەملەر ھېلىمۇ بىغەمكەن شۇنداق،
ياشارمىش ئاجايىپ رەڭلەردە ماھىر.
مۇھەببەت ئۆلدى دەپ يۈرگەچكە جۆيلۈپ،
كۆپىيىپ بارغانمىش «تاش ئادەم» ھازىر.

ئەركەكلەر ئۆلەرمىش چوڭ كوچىدىلا،
قايغۇ ھەم شادلىقمۇ يالغانمىش ھەتتا .
ھەشەمەت ئىچىدە پەقەت غېرىبلىق،
بەختىيار يۈرەرمىش يۈرەكلەر ئارا ...

بەس، پاراڭ قىلماڭلار، جانجىگەرلىرىم!
دەپ ئادەم ھەممىگە تاشلاپتۇ نەزەر:
بەندىنىڭ خۇي - پەيلى ئوخشاش ئەزەلدىن،
بىز ئۆتكەن زاماندىن ھازىرغا قەدەر.

بەزىلەر يۈلتۈز بوپ ياشار نۇر چېچىپ،
بەزىلەر تاپ بولۇپ ئۆتىدۇ سېسىپ.
بەزىلەر تاپالماي ئادەملىكىنى،
نى مۇشكۇل يوللارنى ئۆتىدۇ بېسىپ.

بەزىلەر شەيتاننى قاتار ھارۋىغا،
بەزىلەر شەيتانغا بولۇر ئات ھارۋا.
ۋە بەزەن ئۆزىنى ئاقلايدۇ شۇنداق:
«شەيتانغا ئالدىنىپ كەتكەنغۇ ھەۋۋا».

بار شۇنداق ئادەملەر پەرىشتە سۈپەت،
سۆيۈنەر تەڭرىمۇ ئۇلاردىن چەكسىز.
بەزىلەر تاپالماس ئۆزىنى ئەبەد،
ئۆلۈممۇ ئۇلاردىن قاچىدۇ شەكسىز.

ئېھ، ئەزىز باللىرىم، قەدىردانلىرىم،
بۇ ئالەم سۆيگۈدىن يارالغان ئەسلى.
سىلەرمۇ سۆيگۈدىن تۆرەلگەن، ئۇنگەن،
سۆيگۈدۇر تەڭرىنىڭ ۋىسالى، ۋەسلى.

بولسىمۇ ھاياتتا تۈمەن خىل مۇشكۇل،
ياشايدۇ ئادەملەر سۆيگۈنى ئىزدەپ.
بىزمۇ ھەم بولغاچقا ئادەم نەسلىدىن،
جەم بولغان بۇ يەرگە ۋىسالنى كۆزلەپ.

بىز ھەريان تارقىلىپ مۇھەببەت بولۇپ،
ئەۋلادلار قەلبىگە كېتەيلى سىڭىپ.
بىر زەررە سۆيگۈدە چاقنار مىڭ باھار،
كېتەلمەس ئادەملەر سۆيگۈدىن تېنىپ.

پۈركىنىپ شەپەق رەڭ لىباس ئىچىگە،
لال بولۇپ ئاڭلاپتۇ مۇھەممەت، باھار.
قۇتلۇقلاپ ئۇلارنى سۆيۈپ مەڭزىگە،
ئۇگۇتلەر توكۇپتۇ ئاشىقلار قاتار:

سەن ئاشىق ۋە لېكىن كۆرمىدىڭ مۇشكۇل،
بىر كېسەك قويمىدىڭ مەشۇقۇڭ ئۇچۇن.
سۆيگۈدە بار بەدەل، سۆيگۈدە قۇدرەت،
ئېيتقىنا، باقىينى تاللىدىڭ نېچۈن؟!

مۇھەببەت خۇشاللىق، مۇھەببەت ئازاب،
ئۇ چاقماق، چېقىلغان كېچە باغرىدا.
ھاياتقا مۇھەببەت ئۇلۇغ ھەممىدىن،
ئۇ تاتلىق كۈلىدۇ بوۋاق روھىدا.

مۇھەببەت قۇياشتۇر مىننەتسىز كۆيۈش،
مۇھەببەت زېمىندۇر سۇكۇتتە سۆيۈش.
مۇھەببەت يانار تاغ ھەممىدىن كېچەر،
مۇھەببەت رىيازەت دەشتىدە كۈلۈش...

تىلىكىم بار ئىدى دەپتۇ مۇھەممەت:
«كەپتەر بوپ ياشىساق ھاياتنى كۈيلەپ.»
تەلىپىڭ ئىجابەت، دەپتۇ ھەممىسى:
«سۆيگۈ دەپ ياشىغىن بۇقۇلداپ، ئۈنلەپ»

ئاپئاق نۇر شولىسى سۆيۈپ زېمىننى،
تاراپتۇ ھەممىسى يۈرەكلەر تامان.
گۈگۈمغا كىرسىمۇ بۇگۈن كائىنات،
تۇغۇلار قۇياشتىن يېڭى تاڭ ھامان.

كەلمەكتە پەرۋاز قىپ بىر جۈپ كۆك كەپتەر،
ئاغزىدا زەيتۇننىڭ شېخى نۇر چاچار.
بەھەيۋەت بىر كېمە يۈرمەكتە لەيلەپ،
بار ئۇندا نوھ بىلەن ھاياتلىق قاتار ...

## خاتىمە

چاراقلاپ نۇر چاچار سۆيگۈ قولىدا،
قىپقىزىل تاۋلىنىپ ئالەم يۈرىكى.
مۇز ئوكيان ئۈستىدە يانار ۋىلىلداپ،
پاكلىكتىن تۆرەلگەن ئادەم قىممىتى.

جۈپ كەپتەر ئايلىنىپ كىلەر ھەر كۈنى،
بىر قىيسىق كەپىگە مىھرىنى ئىلىپ.
ئۆندىكى ئاق باشلىق موماينىڭ ئۈنى،
ئەتىنىڭ قەلبىدە يانار ئوت ئىلىپ:

«جان ئوغلۇم، مۇھەممەت كەچۈرگىن بىزنى،
پۇشايمان ئۆرتىدى يۈرەكنى قات - قات.
ئاينىشتىن مامكاپتەك تۇزۇدۇق، ئىست!
ئىبرەتنى روھىڭدا ئالەمگە تارات.»

ئەمەستۇر بۇ دۇنيا ھىچكىمگە باقىي،
ئاينىڭمۇ ئۇن بەشى بولار قاراڭغۇ.
سۆيگىن سەن مۇھەببەت بىلەن ھاياتنى،
چۈنكى ئۇ ئادەمگە پەقەت قونالغۇ...

2009 - يىلى 10 - فىۋرال

# نىساخان ئانا

(داستان)

## 1

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.
. . .
بېھىشتىكى زىلال سۇ
قۇيۇلغاندەك تومۇرغا
ئىزگۈ كۈيلەر ئۆزۈلمەي
تارىماقتا ۋۇجۇدقا.

ھارۇن چاھار بېغىدا
مەست بولغاندەك بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسىدىن
مەن
سەن
كۈسەندىكى ھەممىمىز
ئىسسىق، ئىسسىق نەپەسلەرگە چىرمىشىپ
ئېرىپ كەتتۇق ئۈنسىز، ئاھ ئۈنسىز...

بىر ئېرەم باغ
«كوچا خەلق ناخشىلىرى» كۆرىكى،
چاقنار ئۇندا
مېراجىخان
لەۋەن يالا
كارىز ناخشىسى...
ھەربىرىدە بىر قىسمەت،
ھەممىسىدە مىڭ ھېكمەت.
شامالLاردەك ئۇچۇپ كەلگەن كۈي،
بىر دەستە نۇر، بىر دەستە گۈلدۇر،
گۈپۈلدەيدۇ ئەلنىڭ يۈرىكى.

ئاينى سوراپ ئاسماندىكى
داپ، دۇتاردىن مۇڭ تارىدى،
ئۇخلاپ قالغان ئاي قارىدى.
ئېرەمباغدا ئۈچ بۇلبۇل،
چاچلىرى سۇمبۇل - سۇمبۇل،
بىر قولىدا داپ تۇتقان،
بىر قولىدا دۇتارى،
جاننى ئالار پەيكارى.
سىنتەبىردە ياغقان يامغۇردەك،
سىمىلدايدۇ يۈرەكلەرگە ھاياجان.
يۇيۇلماقتا غۇنچىلىغان چېچەكلەر،

ئىللىماقتا تومۇرلاردىن قاچقان قان.
چاقلىق ئورۇندۇق
ئوخشار ئالەم كېمىسىگە.
كېمىدىكى ئۇچقۇچى
«سارىخان» دەپ تامچىلىدى سەھنىگە،
سۆيگۈ ئۇرۇقى چېچىلماقتا ھەممىگە.
گۈلدۈراس ئالقىش
تۇتالماستىن ئۆزىنى بىردەم
باغاش ئەتتى كۈيچىنى مەھكەم.

سۈپسۈزۈك ئۈمىد
ئاققىندا دىل قەسرىگە،
ئەل كۆزىدە يۈيۈنغان
كۈسەن قىزى رىسالەت ھاپىز
لەرزان دەسسەپ، يۇلتۇزدەك يېنىپ،
چىقىپ كەلدى تۆردىن تۆرگە.
دىللار سىلكىندى،
قارىچۇقلار تىترىدى،
شېرىن بىر سۆيۈش
ئاستا سىرغىدى.
ياش يامرىغان سۆزلەردىن
كۈسەن كۈلدى، ئېرىدى:
«سۆيۈملۈك ئۇستازىم نىساخان ئانا

سەنئەتنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن لاۋۇلداپ.
ئۇ بولغاچ كۇچانىڭ ناخشا - كۈيلىرى
ئۇلاشتى بۈگۈنگە مەغرۇر جاراڭلاپ.
نىساخان دېمەكتۇر كۇچا ناخشىسى
كۇچانىڭ كۈي - سازى نىساخاندۇر ھەم.
كۆردۈمكى ئۆلمەپتۇ ئۇ بۈزرۈك ئانا
ئاھ! بۈگۈن يوقالدى تامام تەشۋىش، غەم».
باھاردەك يېقىملىق ئاۋازى بىلەن
باھاردەك كۈي تۆكتى رىسالەت ھاپىز.
شۇ سىياق سۈپەتتە چىقتى ئايتىللا،
قالدۇرۇپ يۈرەكتە تارام - تارام ئىز.
يېنىمدىكى بەش ياشلىق قىزچاق
ئانىسىدىن سورىدى شۇنداق:
— نىساخان كىم؟
— كۇچا خەلقىنىڭ پەخرى، غۇرۇرى،
ئاۋازى، كۈيلىرى دىلىنىڭ ھۇزۇرى.
سەنئەتكە ئاشىنا بولۇپ ياشىغان،
ئەل، ۋەتەن ئۈچۈنلا سوققان تومۇرى.
قىزچاق
سوئاللارغا بوغۇلۇپ
تۇرۇپ قالدى جىمجىتقىنا،
كىرپىكىدىن ئوت ياندۇرۇپ.
مەن

هاۋا بولۇپ زەررە - زەررە
زال ئىچىدە يۇردۇم شەپىسىز
يۇرەكلەرگە سۆيدۇم شەپىسىز.
نىساخاننى —
بۈزرۈك ئانىنى
سېغىنماقتا زالدىكى بارچە.
نىساخان ئانا
«مىراجىخان»نى جاراڭلىتىپ،
يۇرىكىنى قولىغا ئېلىپ
چۇشمەكتە روھىمىزغا تامچە - تامچە.
ئوت ئۇچقۇندار ئۈنىڭدىن پارچە - پارچە...

2

قەدىمىي شەھەر
تۇن پەردىسىنى يېپىنىپ تىمتاس
هارغىن ئۇيقۇدا ياتار پۇشۇلداپ.
پەقەت
قەدىمىي كېچىك
بۇ شەھەرنىڭ قاراۋۇلىدەك
ئويغاقتۇر ئويغاق.
يامغۇر
ئېتىكىنى سىقىپ ئاخىرقى

يۇماقتا ئۈگزىلەرنىڭ لېۋىنى.
كېسەك تاملىق قەدىمي ئۆيلەر
بىر - بىرىگە مەھكەم يېپىشىپ
ئۇيقۇ ئالەمنى قىلماقتا قامال.
خىياللاردەك ئەگرى - بۈگرى كوچىلار
ئەسىرلىك تارىخنى قويۇپ تىزىغا
پال سېلىپ ئولتۇرىدۇ بىمالال.
چەكسىز كوچا،
كىچىككىنە يول،
غېرىبسىنغان يولنىڭ كۆكسىدە،
چاپار بىرى تەشۋىش بىلەن
يۇمشاق پاتقاقلارغا قىلماي ئېرەن.
قارىياغاچ تۈۋىدىكى ياغاچ دەرۋازا
تاقىلدىدى ئەنسىز، تېرەن.
كىم؟
مەن، ئابدۇۋەلى.
ھە، بىلدىم، ئابدۇۋەلى داپچىمۇ سەن؟
ئىشىكمنى چالدىڭ داپ قىلىپ،
ئاينى ئىستەپ يۈرەمسەن؟
— سىز بارسىڭىز ئۆيۈمگە،
چولپان تۇغار كۆيۈمگە.
بىتاقەتتە تىترەپ كەتتى ئەرنىڭ ئۈنى،
شارقىرايدۇ خىرامان سايىنىڭ تۈنى.

— جىندەك كۆتكىن، — دېدى موماي.
ئېھتىمال ئۇ،
يۇلتۇزلارغا سۈت بەرگەن ئوماي.
كېچىنىڭ كىرپىكلىرى يۇمۇلغان چاغ
ئىككى سايە، ئىككى ئەرۋاھ
شاپىلدىتىپ پاتقاقنى
چۆكمەكتە غېرىبلىقنىڭ قوينىغا،
پاتقاق گۈلى
تۆكۈلمەكتە تەشۋىشلەرنىڭ تونىغا.

* *

كىچىككىنە ئۆي
تولغاق يېگەن پاتەمخان بىلەن
ئاچچىق - ئاچچىق قىلماقتا نىدا.
كۆتۈۋالدى يۇلتۇزلارنىڭ ئانىسىنى،
ئىشىك ئىڭراپ چىقىرىپ سادا.
ئېھ، مىننەتسىز تۇغۇت ئانىسى!
زېمىندىكى پەرىشتە،
يىغىندەك ئىنچىكە، سارغۇچ چېچىنى
قىستۇرۇپ ياغلىقىنىڭ ئىچىگە،
پاتقاق سۆيگەن پېشىنى
يۆگۈۋېلىپ بېلىگە.
مىدىرلىتىپ قورۇق باسقان لېۋىنى،

ئوخشاپ قويدى پاتەمخاننىڭ يېنىنى.
هايات ھەم مامات
بىر - بىرىنى سىغدىشىپ
تۇرۇشماقتا ئۇستۇنلۇكنى تالىشىپ.
بويىقى يوق جەڭ قىلماقتا داۋام،
قوماندان
تەرلىمەكتە تارام - تارام.
قاراڭغۇ خانىسىدا يولدىن ئازغان ئاي
تېپىرلايدۇ مەنزىلىنى تاپالماي.
پاتەمخان
چىشلىگەنچە لەۋلىرىنى،
كۆتەر مۇندا پاقلىنىنى.
— ئانا...
قارىماڭ ماڭا
ئامان قالسۇن جان پارەم!
ئۇھ ... ۋايجان!.
— ھەممىمىزگە باردۇر بۇ سىناق،
غەيرەت قىلىڭ كەلگەندە تولغاق...

جەڭ
قوماندان
جەڭچى
يېپيېڭى ئالەم

بىر ـ بىرىگە كىرىشكەن مەھكەم...
قىيان بولدى بىر ئۇلۇغ سۆيگۈ،
كېچىنىڭ يۈرىكى سوقماقتا دۈك ـ دۈك.
ــ ئىگە...
ــ ئاھ، بالام...
ــ ئۇھ، شۈكۈر.
ئاي تۇغۇلدى ئېتەككە،
كۈن تۇغۇلدى ئېتەككە.
تەشۋىش بوغۇزلاپ تاشلىغان دادا،
قىزىلگۈلدەك ئېچىلدى قات ـ قات،
ئۆلۈۋالدى نومۇستىن مامات.
كېچە لەرزان كۈيىنى چالدى،
دادا ئاينى قوينىغا سالدى.
پەرىشتە موماي
چېچەكلىتىپ ئىسسىق مېھرىنى
مىدىرلاتتى قۇرغاق لېۋىنى:
ــ ئاتا ـ ئاناڭ كۆز ئاچقاندا ئالەمگە،
ئېتەكلىرىم بولغان پاياندار،
سەن ھەم ئالقىنىمدا كۆردۈڭ دۇنيانى.
ئاي تەگرىنىڭ قىزىلگۈلى،
سەن تەگرىنىڭ قىزىلگۈلى،
ھەمراھ قىلىپ ياشا ئەبەد
ئىنساب بىلەن ھايانى...

موماي جايىنامازدا.
ئانا تۆشەكتە.
دادا پايپېتەك.

زاكىدىكى ئاي
كىرپىكىگە ئىلىندۇرۇپ دۇتارنى،
چۈشمەكتە جىق ـ جىق باھارنى.
نىسا خېنىم بولدى ئېتى بوۋاقنىڭ،
قۇت تىلەندى قەدىمىگە ئوماقنىڭ.
پەرىشتىلەر يوقلاپ تۇردى بالىنى،
قۇلىقىغا تۆكۈپ ئۇيغۇر سازىنى.

3

نىساخان
ئوتلۇق نەپەسلەردىن ئېرىگەن ئۆيدە
يېمەكتە ۋاقتىنى ئىشتىها بىلەن.
ئانىسى
«مېراجىخان»نى بۇلماق قىلىپ،
يۇرمەكتە قىزىنىڭ ئەقلىنى قېزىپ.
نىساخان ئەقىللىك قىز،
چوڭ بولدى بەك تېز،
ئەگەشتۇرۇپ ئۇكىلىرىنى،
هاياتلىققا چېكەر يېڭى ئىز.

*　　　*

چوڭ بولماقتا باللار،
ۋاقىت يېيىلمەكتە ئاستا، بەك ئاستا...
موهتاجلىق
مۆز ياغدۇرۇپ قاپىقىدىن
كۆلكىلەرنى يوشۇرماقتا تالاشتا.
نەغمىكەش دادا
چالالمىدى دېپىنى،
ئىزدىمەكتە جان باقماقنىڭ ئېپىنى.
ئانا
كۆسەي قىلىپ قولىنى
يېمەكتە باللىرىنىڭ غېمىنى،
يەنە
يەڭگىللەتمەك بولار
داغى يېرىپ،
لاي ئېتىپ،
يۈك توشۇپ
قولۇلىرى لەش بولغان،
چىرايلىرى سارغايغان،
قەدىناس ئېرىنىڭ ئېغىر يۈكىنى.
قورساق غېمى

هەي...
قورساق دەردى
شورىماقتا ئائىلىنىڭ قېنىنى،
ئۇشتۇماقتا ئەركەكلەرنىڭ بېلىنى.

*　　　　*

پاتەمخان ئانا
ھەمراھىنىڭ جاپاسىغا چىدىماي،
قارار قىلدى ئاخىرى
ئۆز كەسپىنى تاپماقنى،
نەغمىلەرگە چاپماقنى.
كىچىككىنە نىساخان
ئانىسىغا ئەگىشىپ
تويغا باردى بىركۈنى.
نەغمىكەشلەر ئۇستازى ئەلانۇرخان
قايىل بولۇپ يەتتە ياشلىق بۇ قىزغا
بۆلۈپ بەردى «نەغمە قىلغان» ھەققىنى.
ئەلانۇرخان دېدى سۆيۈنۈپ:
«ئەقىللىككەن قىزىڭىز،
ئۆچمىگۈدەك ئىزىڭىز.
مەشرەپ دېگەن بىر مەكتەپ،
ئۇ يېتىلسە بۇ يەردە
يورۇق بولار يۈزىمىز.

ئەجەل يەتسە بىۋاقىت،
يۇمۇلغۇدەك كۆزىمىز.»
كىچىككىنە نىساخان
چوڭ بوپ قالدى شۇ كۈنى.
بىر ئۇلۇغ ئوي - ئارمان ھەم
چۇلغىۋالدى قەلبىنى.

*   *

بىركۈنى سەھەر
ئىشقا ماڭدى ئاتىسى،
مۈڭغا پاتتى ئانىسى.
نىساخان ئىدا قىلدى ئەلەم بىلەن:
— ئۇۋال بولدى ئاتامغا،
يۆلەك بولاي ئاتامغا.
نەغمىكەشلىك قىلاي مەن
سىزمۇ چىقىڭ ئارامغا.
— سىز قىلارغا ئىشلار كۆپ،
پەزىلەتتۇر كەمتەرلىك.
ئاۋۋال پۇختا ئۆگىنىڭ،
يىراق تۇرسۇن مەنمەنلىك.
ئاتىڭىزغا مەن ھەمدەم،
تىلەڭ بىزگە ئەمىنلىك.
سەنئەت دىگەن بىھىشباغ

ئۇندا ئەلنىڭ مېھرى بار.
ئۇنى سۆيگەن ئادەمدە،
ئون قۇياشنىڭ تەپتى بار.
سەنئەت بىزنىڭ قېنىمىز،
سۆيۈڭ ئۇنى يۈرەكتىن.
ئىزى بولۇپ بوۋامنىڭ،
نۇرلاندۇرۇڭ بۆلەكتىن.
شۇندىن باشلاپ پاتەمخان
ئۇستاز بولۇپ قىزىغا،
بىر گۈلزارغا باشلىدى،
نىساخاننىڭ دىلىستانىغا
كۇچانىڭ كۈي - سازىنى
غۇرۇر بىلەن تاشلىدى.

ئامانىنىساخان
شاھ ئوردىسىدا
رەتلىگەندەك ئون ئىككى مۇقامنى،
تۇردى ئاخۇن ئاكا
ئۇيغۇردىن ئۇيغۇرغا
يەتكۈزگەندەك ئون ئىككى مۇقامنى،
پاتەمخان ئانا
نىساخاننىڭ ئېتىزلىرىغا
پەرۋىش بىلەن تېرىدى،

ئەلنىڭ ناخشا - كۈيىنى،
ئەلنىڭ ئەقىل - ئويىنى.
نىساخاننىڭ قەلبىدە قۇياش پارلاپ،
نىساخاننىڭ مۇڭىدا باھار پارلاپ،
كۆڭلەر ئۆتمەكتە تېز - تېز.
مۇھەببەتلىك قۇچىقىدا سەنئەتنىڭ
چوڭ بولماقتا كۈسەندىكى قىز.

## 4

مىكىر ئويلاپ تەختىدە،
ئولتۇرار ياڭ ھەر كۈنى،
نادانلىقتا، زۇلمەتتە
ئۆزاردى ئازاب تۈنى.
پىتنىخورلار قۇتىرىدى،
ئالۋاڭ، ھاشار ئاۋۇدى،
يول ئىزدىگەن پۇقرانى،
تەنە - دىخمار تورىدى.
پۇقرا بولدى گۇناھكار،
پۇقرا بولدى قىساسكار،
پۇقرا بولدى قاراقچى،
ئەل - ئاۋامغا يول بەك تار.
بەگ - غوجاملار كۆرپىدە،

نەشە ـ بەڭنىڭ پەيزىدە،
ئىچەر ئەلنىڭ قىنىنى،
ئەتە ـ كەچتە بەزمىدە.
شۇنداق ئىغىر كۇنلەردە،
نىساخان ئۆز ئۆيىدە،
تۆكتى ئەلنىڭ دەردىنى،
چەككەن ھەربىر كۇيىدە.

ئىغىر كۇنلەر پۇقرانىڭ كۇنى،
تىرەجەپ بارماقتا ھالسىز، ئاھ ھالسىز.
غەم ـ قايغۇلار كەتمەس دەقىقە،
روھقا شىپا ناخشا ـ كۈي، سازسىز.

قۇياش مىسكىن چىققان بىر سەھەر
قىسمەت بۇ ئۆيگە تەڭلىدى زەھەر.
ئابدۇۋەلى
سەۋرى تولغان بىركۇنى
مىش ـ مىش گەپلەرنىڭ سايىسىگە ئەگىشىپ
خۇرجۇنىنى مۇرىگە سىلىپ،
راۋان بولدى ئۇرۇمچى تامان.
ــ قەدىناسىمىز ئايرىلماس،
تەك كۆرەيلى ھەممىنى.
سىز كەتسىڭىز مەن ئاجىز

قانداق باقاي باللىنى!
پاتەمخان يىغلاپ،
بوزلىدى شۇنداق.
بىئامال دادىنىڭ يۈرىكىدە ياش،
بىماجال دادىنىڭ يۈرىكىدە تاش.
ئۆينىڭ غېمىن دەپ
ئېلىپ كەتتى باش.

ئۈرۈمچى
تاغ ئارىسى
چوڭ شەھەرمىش ئاجايىپ،
جاننى باقماق ئاسانمىش،
بارغان ئادەم خورجۇنلاپ،
تىللا ئېلىپ كېلەرمىش...

تەكرارلىشىپ كوچىلاردە شۇ سۆزنى
ئۆتمەكتە باللار تىلىنى تامشىپ.
ئانا تىرەجەپ
گاھى ئۆمىلەپ
كەلمەكتە كۆرۈم بىلەن يارىشىپ.
گاھىدا
ئەزرائىل بىلەن سىڭار قارىشىپ.
نىساخان

بۇلبۇل بولۇپ
سەنئەت ئۇچۇن تۆكەر ئىشقىنى.
نەغمىكەش بولۇپ
ئەلگە تونۇلۇپ،
ئىللىتماقتا نىمجان ئۆيىنى.
نىساخان دۇتار چالار،
ئادەملەر كۆيەر، يانار.
ئۇنىڭ لەۋەن بويىدىن
كۇچا سەنىمى تامار.
نىساخان
ئەلنىڭ گۇلى.
نىساخان
سەنئەت قىزى.
ئۇنىڭ بىلەن ئەۋلادنىڭ
نۇرلاندى ئەقىل ئىزى.

* *

تۇرمۇش
قىستىماقتا نىساخاننى تۇرمۇشقا.
بىچارە قىز
«نەغمىچى بولغان،
سەنئەتنى سۆيگەن،
ئەلنى كۇلدۇرگەن
خەقنى سۆيدۇرگەن...»

ئەيىبى كۆپ قىز
ياتلىق قىلىندى ياسىن قارىغا.
ياسىن قارى چوڭ ئادەم،
گەپ - سۆزىغۇ ئوڭ ئادەم.
ئەپ ئۆتەلمەي نىساخان
كېلىۋالدى ئۆيىگە،
بۇ ئالەم شۇنداق ئالەم.

قىسمەت —
ئۇ
سەن
مەن
چۆرگۈلەۋاتقان،
كۆرۈنمەس ئۇنىڭ تەبەسسۇملىرى.
ئاھ ،
شامالسىز،
شەپىسىز
كەلدى ئۇ يەنە
ماراپ تۇغلۇكتىن،
كۆك كۆزلىرىدىن چاقنار سوغ نۇرى.
تاملار ئەندىكتى
تورۇس سىلكىندى،
بۇ ئۆي قالغان ئەسلي تۇۋرۇكسىز.

بالىلار تىترىدى،
تىترىگەندەك قۇشلار ئۈۋىسىز.
— ئانا، ئانا...
نىساخان ئەلەمدىن توۋلىدى شۇنداق.
— ئانا، ئانا...
يىغلىماقتا ئابدۇرېھىم ھۆڭگىرەپ.
— ئانا، ئانا...
ئۇخلىدىڭىز ئەجەبمۇ ئۇزاق،
بېشىڭىزنى تۇتۇپ قوياي مەن،
يېتىۋەرمەڭ ئۇيقۇدا بۇنداق.
سىڭلىسى نالە قىلار يىغاندا شۇنداق.
بىراق،
كۆزلىرىنى ئاچماس ئانا.
نېچۈن
بالىلارنى تاشلاپ بىۋاقىت،
مەڭگۈلۈك ئۇيقۇنى كۆرگەندۇ راۋا؟
شۇنداق
چىقتى ئانا ئۇزۇن سەپەرگە
قالدۇرۇپ بالىلارنى
ھىجران ئەلەمگە.

ھاياتلىق

سىرلىق ئۆتەڭ، كارۋانلىرى كۆپ،
ياشار ئىنسان ھەممىنى كۆرۈپ.

ساقساقتىكى مۆڭلۈق بىر كوچا
گىرىمسەندە يانار پىلىلداپ...

نومۇسنى قايرىپلا بوران
قىپيالىڭاچ بولۇپ خاندا
باللارنى يۇرمەكتە قوغلاپ.
جىنچىراغنىڭ سۇلغۇن چېھرىدىن،
گۈزەللىكنى قۇرۇتۇپ ئوۋلاپ.
نىساخان
ئىنىسىنىڭ يېشىنى ئېرتىپ،
سىڭلىسىنى باغرىغا تېڭىپ
پاتىھەنى يادلاپ ئىچىدە،
سېغىنماقتا تاڭنى كېچىدە...
بوران
پىرقىرايدۇ ئۆينىڭ ئىچىدە.
*          *
كۆنلەر ئۆتەر ھالسىراپ،
قۇياش كۆلەر مۆڭسىراپ.

نىساخان
پىغانىنى ئىچىگە يۇتتى،
نادامەتتىن ئۆزىنى تۇتتى.
قەيسەر قىز

ئېسىنى يىغىپ
رېئاللىقنىڭ تۇتقۇچىنى چىڭ تۇتۇپ،
كىرىپ كەلدى زەيتۇنخاننىڭ ئۆيىگە.
زەيتۇنخان
مېھرى ئىسسىق سازەندە ئايال
پەزىلەتتە يېگانە ئارال.
بالىلارنىڭ كۆڭلىنى بىلدى،
دەرد - ھەسرىتى باغرىنى تىلدى.
ياش - قېرىسى يوقتۇر ئۆلۈمنىڭ
سەۋر كېرەك ھەممىگە قىزىم.
ئەلانۇرخاندىن چىقاي ئايرىلىپ،
نەغمىمىز بىلەن قىلايلى كىرىم.
ناخشا - كۈيدۇر بىزنىڭ ئېشىمىز،
ناخشا - كۈيدە قۇرار يېشىمىز.
زەيتۇنخان شۇنداق تەسەللى بەردى،
زاۋالغا ئۈمىدنىڭ ئۇرۇقىن تەردى.
— ئېھ، كۆيۈملۈك زەيتۇنخان ئانا
تەشەككۇر مېھرىڭدىن بەرگەن ئورۇنغا...
نىساخان ياش تۆكتى،
دەرد تۆكتى،
تۆكتى ھەممىنى ...

* * *

نىساخان
ئالىقىنىدىن يېڭى پال ئاچتى،
كۆيلىرىدىن ھاياتلىق تاپتى.
توي - تويلار،
چاي - چايلار،
بەزمە - مەشرەپ، ھاۋالىق باغلار
ئۇنىڭ كۆيلىرىدىن بارماقتا ئېرىپ.
چەكسىز ھاياتلىق
دۇتتارىغا تار بولۇپ تۇرار چېلىنىپ.
باي، توقسۇ، شاھيار...
ھەممە يەردە جاراڭلار ئۇنى
قىسقارماقتا ئازابىنىڭ تۈنى...

دۇتار چالدى نىساخان،
تەمبۇر چالدى ئىنىسى،
ئۇسۇل پىرى زەيتۇنخان
يۈرەكلەرنىڭ قىبلىسى.
تەخسە ئۇسسۇلى،
چىراغ ئۇسسۇلى،
شىرە ئۇسسۇلى...
چاچقۇ قىلىپ چېچىلماقتا زېمىنگە،
پەرىشتىلەر دۇئا قىلدى كۆسەنگە.

*　　　*

ناخشا
زېمىننىڭ يۈرىكىدىن چىقار قايناپ.
دۇتار
تەمبۇر
داپ...
تىۋىشىدۇر ئۇيغۇرنىڭ
كۈيلەر ئۇچۇن بولىدۇ كاۋاپ.
سەنئەت بىلەن باشلانغان ھايات،
سەنئەت بىلەن بارىدۇ تاراپ...

نىساخاننىڭ ئىنىسى ئابدۇرېھىم
شاگىرت بولۇپ ھېلىمئاخۇنغا،
يۈرمەكتە مۇڭلۇق دېيىنى چېلىپ،
بارماقتا سۆڭەكلەر جىممىدە ئېرىپ.

ئېھ، ئايال كىشى
تۈزدەك شېرىن، تۈزدەك قەيسەرسەن!
قۇرۇغان لەۋلىرىڭدە چاراقلار قۇياش،
رېلىستەك جىمجىتسەن، جىمجىت تۇرىسەن.
نىساخان يۈرىكىگە تۇتاشقان رېلىس،
چاپار ئۇندا تاقىلداپ
ئايالنىڭ كۈلپەتلىرى،
خەقنىڭ تۆھمەتلىرى،

يەنە
نانىنىڭ پۇرىقى...

ئۇ
ئۆز - ئۆزىگە قاتنار بۇ يولدا،
دۇتارنى سايرىتىپ،
كۆيلىرىنى ياڭرىتىپ.

داپ
قېرىندىشى دۇتارنىڭ
گۆش بىلەن مايدەك.
نىساخاننىڭ دېپى يوق،
داپ چالمىغان بەزمىنىڭمۇ ئېتى يوق.
داپ چالارغا ئايال يوق،
ئەر داپچىغا ئامال يوق.
قانداق قىلغۇلۇق؟
ئويلاپ نىساخان،
تاپتى بىر ئەقىل،
يورۇپ كەتتى دىل...

داپ، دۇتتار
نىساخاننىڭ ئىككى قولىدا،
گاھى ئەركىلەپ،

گاھى تەمترەپ،
ياراتماقتا يېڭى بىر دۇنيا.
— نىساخان يوقمىش.
— چالارمىش ئىككى قولدا داپ، دۇتتارىنى.
— توۋا
— ئېزىپتۇ ...
— ...
جىم تۇرماس ئېغىز...
شاماللار تېرىپ يۈرەر ئېتىكىگە،
نىساخانىنىڭ داڭقىنى.
تەر قۇيۇلار يامغۇردەك.
تامچىلارنىڭ ئالقىنىدا،
نىساخانىنىڭ ئارمىنى
ئېچىلماقتا قىزىل گۈلدەك.
داپ بىلەن دۇتتار
بىر - بىرىنىڭ يۈرىكىگە ئېقىشىپ
ئوينىماقتا بارماقلاردا بېقىشىپ.

ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى كۈسەن،
باغرىدىكى مۆجىزىنى كۆردى بۈگۈن،
ئىپتىخاردىن، غۇرۇردىن ياندى بۈگۈن.

ياپىر!
بارىكاللا!
ياشاپ كەت!
ياڭرىماقتا ھاياجانلىق چۇقانلار.

نەغمىنىڭ پىرى
ئەلانۇر خېنىم
ىساخاننى باغرىغا باستى،
ھەسەن - ھۆسەننى بوينىغا ئاستى.

مۇھەببەتلىك چوڭقۇرىدا كۆسەننىڭ،
لەرزان بىر كۈي ئويناپدۇ ئۇسسۇل.
مەپتۇن بولۇپ پەرىشتىلەر بېھىشتىن،
شۇ كۈي تامان كېلىشەر ئۇدۇل.
رەڭدار ئەلگىكىدە قىسمەتنىڭ
تاسقىلىدۇ مەۋجۇتلۇق تەكرار.
كۆل رەڭ ئازاب، مۇزدەك يالغۇزلۇق
تاشقىنلىغان غەمكىن پىغانلار
كۈي ئەۋجىدە ئۈزىنى ئۇنتار،
كۈي سېھرىدە روھىنى قۇرار.
تەڭرى بەرگەن ئۈن،
تەڭرى بەرگەن كۈي
يالقۇن چاچار كۆسەنگە،
تارىماقتا ئالەمگە.

قەدىم - قەدىمدە
ئۆيقۇسىنى تاپالمىغان باللار
بەگقۇلىبەگ كەلدى دېسە چۆچۈشۈپ،
ئۇخلار ئىكەن غوۋغالىرى ئۆچۈشۈپ.
شۇ باتۇرنى چۈشلىرىگە يۇتۇشۇپ.

بۈگۈن كۈسەندە
ئۇخلىتىدۇ بوۋىقىنى ئانىلار
نىساخاننىڭ مۇڭلۇق ئۈنىدە،
نىساخاننىڭ شېرىن كۈيىدە.
گاھىدا
پىرچەڭگىلەر ئۆتۈپ قالسا كۈسەندىن
نىساخاننىڭ مۇڭلىرىغا چۆمۈلۈپ،
قىزىراتتى خىجالەتكە كۆمۈلۈپ.

پىرچەڭگى كىم؟ بىلمەيتتىم بۇرۇن،
چۈشەنمەيتتىم كۈينىڭ سېھرىنى.
مومام ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە
دىلغا سالغان تارنىڭ مېھرىنى.
بېلى سەل ئېگىلگەن ئاق باشلىق مومام،
ئېشىكنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ،
چاچلىرىمنى قىرىق ئۆرۈپ ئولتۇرۇپ...
سۆزلەپ بەرگەن نۇرغۇن ھېكايە.

يالقۇندەك شۇ ھېكايىلەر ئىچىدە،
پىرچەڭگى
ئەڭ يۈكسەك تۇيغۇلارنى تار قىلىپ،
چالاتتى ۋۇجۇدلارنى لال قىلىپ.
يۇمشاق، تاتلىق ئاۋازى بىلەن
ئالەمنى بۆلەپ،
قىسمەتنى يۆلەپ
زەھەر يۇتقان ئېغىزلارنى بال قىلىپ.

ناخشا
بېھىشنىڭ نېمىتىدۇر مۇقەددەس،
پىرچەڭگى مۇڭ بىلەن چالسا كۈيىنى
تەڭرىمۇ ھەتتا
ئۆزى پۈتكەن بۇ مۆجىزىگە
تەھسىن ئېيتىپ قىلاركەن ھەۋەس.
پەرىشتىلەر سېھرى بىلەن شۇ كۈينىڭ
ئۇنتۇپ گاھى ئىش - ئەمەلىنى،
خىجالەتتە قالاركەن پەۋەس.

دوزاخ ئۆزى چەكسىز بىر ماكان،
گۈرۈلدەيدۇ ئۇندا قىزىل ئوت.
نەشتەر ئۇرۇپ يىلان - چايانلار
ئاسىيلارغا ئاچار ئوچۇق سوت.

ئەنە شۇنداق دەھشەت ماكانىنىڭ
ئىشىكىنى چەكتى مۇڭلۇق كۈي.
ئۇنتۇپ تامام ئۆزىنى بارچە
سۆيۈنۈشتى چەكسىز، ئاھ چەكسىز
بېھىش ئىچرە ئويىنىغاندەك توي.
پىرچەڭگى
ئايلىنىدۇ يۇرىكىدە ئالەمنىڭ،
ئايلىنىدۇ يۇرىكىدە ئادەمنىڭ.
مازارلاردا كېزىپ يۇرگەن ئەرۋاھلار
كەچمىشلەردىن تالجىقسا پات - پات،
سېغىنىدۇ مۇھەببەت بىلەن
پانىيدىكى يارنىڭ ئۇنىنى.

مەن
موماىنىڭ چۆچەكلىرى ئىچرە تالاي رەت
ئىزدەپ باقتىم پىرچەڭگىنىڭ ئۆزىنى،
تاپالمىدىم ئۇنىڭ ماڭغان ئىزىنى.
ئېھتىمال ئۇ
كۆزلىرىمنى كۆردى تەلمۈرگەن،
بەلكىم
ئاشىقنىڭ كۆزى
ئېرىتكەندۇ ئۇنىڭ دىلىنى.
شۇڭا

تۆكتىمىكىن تومۇرلىرىمغا
ھاياتلىقنىڭ ئۆلمەس كۈيىنى،
ھاياتلىقنىڭ پۈتمەس ئۈنىنى.

ئىساخان
پىرچەڭگىسى كۈسەنىنىڭ،
سېھىرلىك كۈيىدە ھەممىگە ياققان،
سەنئەتنىڭ روھىدا ئۆزىنى تاپقان.

## 5

قاقشال بولغان يەر
سېغىنماقتا سۇنىڭ لەرزان مۇڭىنى.
قادىر توڭلىك
باغرى يۇمشاق ئەر
كارىز كولىتىپ ئاققۇزدى كۆپ تەر.
سۇيۇلغان يەرلەر
تۇغۇلماقتا ئۆز - ئۆزىگە.
قان يۈگۈرۈپ مىسكىن چېھرىگە.

*　　　　*

ھەر يەكشەنبە كارىز بويىدا
قىزىپ كېتەر ئالامەت بازار.

مەخسۇت غوجا رەھمەتلىك
مەي ـ شارابىنىڭ كەيپىدە
تۇرالماي ئات ئۈستىدە،
كەتتى يىقىلىپ
بىر پۇتى ئۈزەڭگىدە.
ئات چاپتى
جان قاچتى...

شاھىد بولغان ھېلىمئاخۇن خەلپىتىم
ھەجۋىي قىلىپ مىسرا تۈزدى بۇنىڭدىن.
ئاھاڭ بىلەن جان كىرگۈزدى نىساخان.
شۇندىن بۇيان «كارىز ناخشىسى»
ئەل قەلبىدە كەلمەكتە يورۇپ
ئېچىلماقتا قىزىلگۈل بولۇپ.

*  *

ۋاڭ ئوردىسى
كۆكلەمدەك قۇچىقىنى ئاچار بەزىدە
سازەندىلەرگە.
ئەر نەغمىكەش
ئايال نەغمىكەش
زەرەتلىنىپ كۈيلىرى بىلەن،
شىلدىرلاپ ئاقىدۇ
ئېگىز تاملارغا،

ئايۋانلارغا،
دەرەخلەرگە،
ۋاڭ ئوردىسىدىكى
ھەربىر ئۆيلەرگە.
نىساخان دۇتار چالىدۇ،
ئىس رەڭ ئازاب
كۆزلىرىدە لەيلەپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ كۈيىدە
بىر ئانا يۇرمەكتە چۆللەرنى كېزىپ،
ئاھ قىزلىرىم دەپ، يوقلۇقنى سىزىپ:
مېنى تاشلاپ كېتەمسەن؟
ئاھ، قىزىم مېراجىخان
قايدا سەن مۇناجىخان...

ھىجران چاچلىرىنى يەلپۈتۈپ،
تور توقۇيدۇ ئوردىدا.
مەھپۇز بېگىم
ھۇزۇر بىلەن سۇمۇرىدۇ،
تىترەپ تۇرغان كۈيلەرنى.
نىياز خېنىم
چىمىرلىغان ناخشىلار ئارا،
چۇۋۇپ - ياسار ئۇزۇن - ئۇزۇن يوللارنى.

نىساخان
بىر قولىدا داپ، بىر قولىدا دۇتار،
گۈرۈلدىگەن ئوتلارنى يۇتار.

*　　　　*

قۇياش نىساخانغا قوينىنى ئاچتى،
يۇلتۇزلار نىساخاننىڭ قوينىغا قاچتى.
بۈگۈن نەغمە يوق
چاقنىماقتا تەنها غېرىبلىق.
دەرۋازا بىردىن تاقىلداپ ئەنسىز،
ئەپ كەلدى خەۋەر تولىمۇ تەمسىز.
چاقىرغانمىش ئامبالبەگ
ياخشىلىقىدىن شۇملۇقى تولا،
نىساخان غەم يېغىنى قۇچۇپ كەلدى،
مەتنىيازنىڭ ئۆيىگە ئۇچۇپ كەلدى.
ئاغلارمىش ئامبال ناخشا - سازىنى،
نىساخان سازلىدى ئەقىل تارىنى.
ئامبالنىڭ كۆزلىرى يالتىرايدۇ،
ھەۋەسىنىڭ ئۇچقۇنى پارقىرايدۇ.
— دۇتارىڭىز ئالسۇن كۆڭلىنى،
ئاۋازىڭىز يارسۇن كۆڭلىنى...
دېدى ئامبال ئاغا تىكىلدى،
نىساخاننىڭ تومۇرلىرى سىقىلدى.

داپ، دۇتارنى تۇتۇپ قۇردى چەدازنى،
ياقتۇرمىدى ئامبال بۇنداق ئەندازنى.
«پۇكۇلگەندە بولۇرمىدى چالغىلى،
داپ، دۇتارنى بىر پەدىگە سالغىلى.
دۈت ئىشەك، قانداقچە بولغانسەن ئامبال!؟
زورلۇقۇڭ تاپىدۇ بىركۇنى زاۋال...»
ئىساخان ئىچىدە تىللىدى شۇنداق،
سازلىدى دۇتارنى ئەلەمدە ئۇزاق.
غەزەپ چاقمىقى
چىقىندىدى نۇرلۇق چىھرىدە،
تۆكۈلدى ناخشا
ئاچچىق قەھرىدە:
«تىللىغىلى بولماس غوجىنى،
ئۇرغىلى بولماس غوجىنى،
قادىر ئاللا خۇدايىم
ئۆزى ئۇرسۇن غوجىنى...»
— توختات ناخشىنى،
بەتنىيەت جىلدىر!
قىلدىڭ ھاقارەت
تاپتىڭ ئاداۋەت.
كۆكرىپ ئامبال گۇركىرىدى:
— كىلىڭلار،
بۇنىڭ ئەدىپىنى بىرىڭلار...

— تۆت!
— قاچتى!
— . . .
نىساخان ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.
قىيا - چىيا ئادەملەر.
ئاھ، قىسمەت!
پەلەمپەي
نىساخاننى پۈتلىۋەتتى ئۇن - تىنسىز...
كېچىنىڭ قوچىقىدا،
پەلەمپەينىڭ مۇزدەك قولىدا
ئۇ ئىڭرايدۇ ماغدۇرسىز.
— تۇتۇڭلار،
كالتەككە بېسىڭلار ئۇنى!

شىددەتلىك ھۆكۈم
سوقۇلماقتا يۈرىكىگە تۇپراقنىڭ.
ياساۋۇللار كەلدى پالاقلاپ:
— پۇتى سۇنۇپتۇ،
— خۇدا ئۇرۇپتۇ.
— . . .
نەپرەت بىلەن ئالايدى ئامبال.
نىساخان ھارۋىدا
سۇمۇرمەكتە كېچىنى.

ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يول،
ياساۋۇلنىڭ قوپال ئاۋازى،
سۇنغان پۇت،
ئازابلىق يىغان
ئۆرتىدى ھەم ئاينىڭ قەلبىنى.

نىساخان، نىساخان...
چاقىرماقتا كىمدۇر ئىچتىنى.
كۆز تەگدى
سۆز تەگدى
نىساخانغا تىل تەگدى.
ئىسىت! تۇمار ئاسىسچۇ...

تېخى تۈنۈگۈن
كوچىلارغا خۇشاللىق تەرگەن.
بۈگۈن
ياتار ھەسرەتنىڭ يىپلىرىغا چىرمىلىپ.
دۇتار چالالمايدۇ،
داپنى ھەم تېخى،
ئۇسسۇلنى كۆرەلمەس ھېچكىم.
بىتەلەي ئادەملەر...

قېرىنداشنىڭ مېھرى بەك چوڭقۇر،
رابىگۇل ئاچىسىنى باققىلى كەلدى،

ئابدۇرېھىم غەم تېشىنى چاققىلى كەلدى.
ئۈچ قېرىنداش
بىر - بىرىگە قويۇلۇپ ئۈنسىز
زىمىستاندا چېچەكلەر سۆزسىز.

*        *

ئاسمان
كىيىۋالدى بوزرەڭ چاپان.
بۇلۇتلار كۆرەڭلەيدۇ،
كوچىلاردا قىيقاس - چۇقان.
ئامبالنىڭ كۆزى
شىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزى
مۇناپىقنىڭ ئىزى
تىمىسقىلايدۇ ھەريان.
يۈرەكلەر دۈك - دۈك،
لەۋلەر چاڭقىغان.
ئىچكىلى بولماس،
سۇنى بەخۇدۇك.
ناخشا بۇلۇڭدا
ئولتۇرىدۇ يىغلامسىراپ.
تارلار ئەلەمدە
يانار شىۋىرلاپ:
— نە كۈن بۇ ئۈنسىز!
— ئاھ، بۇ كۈنلەر...

*          *

نىساخان سىقىلىپ ئۆز يۇرتىدا،
تولغىنىپ سەنئەتنىڭ ئىشق ئوتىدا،
ئاراملىق ئىزدىدى كۆزلىدى باينى،
ئۆتكۈزمەك بولدى بىرنەچچە ئاينى.
ئىنىسى بىلەن يولغا چىقىشتى،
ئىككى كۈن مېڭىپ بايغا يېتىشتى.
باي ئېسىل يۇرت،
قوينى كەڭ ئالەم.
ناخشا - سازغا تەشنا ئىكەن،
ئۆندىكى ئادەم.
بايمۇ ئۆز يۇرت،
ئۆز يۇرتتا بار قۇت.
نىساخان
پاكىز، ئىسسىق تىلەكلەر ئارا
ياشاپ قالدى بايدا بىر زامان.
يوقلاپ تۇردى شائىر نىمشېھىت،
يوقلاپ تۇردى خەلق چاڭقىغان.
يەنە
يوقلاپ تۇردى
غېرىپلىق،
سەھەردە، كەچتە...

نىساخان
كوچادىكى مەھەللىنى سېغىنىپ،
ھىجران بىلەن ياشاپ كەلدى تېۋىنىپ.
شۇ كوچىلار
تونۇش پۇراقلار
ياشاپ كەلدى خىيالىغا بۆلىنىپ.

6

شەرق قىزاردى
سۈزۈلدى ئاسمان.
ئويغاندى ھېسلار
باھاردەك يۇمران.
سېغىنىش يامغۇرى تۆكۈلدى، ھايھاي!
نىساخان قىيان بوپ ئاقتى بىر تالاي.
كوچا تامان ماڭدى بىركۈنى،
مۇھەببىتى ئۆرتەپ قەلبىنى.
ئېھ، شېرىن ئەسلىمدەك ئۇزۇن كوچىلار
ئېرىمەكتە،
كۆيۈۋاتقان ھۆل يۈرەكتە.
مۇز تۇتقان يوللار
قىشنىڭ لەۋلىرى
بىر تاتلىق ئوپۇشتىن كەلدى لەرزىگە.

كۆيۈك تاملار
كۆيۈك رەستىلەر...
دەرد تۆكمەكتە مۇھەببەت بىلەن
يالتىرايدۇ ئاپئاق تىلەكتە.
نىساخان
ھاۋا بولۇپ سۆيدى ھەممىنى،
ئېچىۋەتتى ئىسسىق قەلبىنى.

تۇپراق بېشىدا
ئۆكۈنۈشكە چىلىنىپ ئۇزاق،
ئەلانۇرخان، ھېلىمئاخۇن تىككەن كۆچەتنى
يۈرىكىگە كۆچۈردى ئاستا،
بىر ئۇلۇغ كۈي ياڭرىدى قايتا.
كېسەل بىلەن تىركىشىپ
ياتقىنىدا زەيتۇنخان،
چىت كۆڭلەكنىڭ ئېتىكىگە لىققىدە
تۆكۈپ بەردى گۈلنى نىساخان،
ئەزگۈ كۈيدىن كۆكلەپ چىقتى يېڭى جان.
قىيالماستىن ئانىسىنىڭ سۈتىدەك
ئىللىق پۇراپ تۇرغان كوچا ـ مەلىگە،
يولغا چىقتى باي تامان يەنە
يېپىنچاقلاپ بۈيۈك ئارمانىنى
ئاھاڭ يازدى تىرەن قەلبىگە.

يول
يېيىلمەكتە موتور ئۈنىدە.
نىساخان
قۇياشنىڭ يىپلىرىغا ئەگىشىپ
يېتىپ كەلدى ئالتۇن رەڭلىك ئۆيىگە.
ئۆيدە مېھمان بار ئىكەن،
سەۋر - تاقەت يار ئىكەن.
ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكى،
نىساخانغا زار ئىكەن.
نىساخانىنىڭ ئۆزرىسى
مېھمانلارغا ياقمىدى،
باھانىسى ئاقمىدى.

يېيىخى مەنزىل
نىساخانغا ئاچماقتا قۇچاق.
ئاقسۇدىكى قىش،
ئاقسۇدىكى ئىش،
چوغدانىدىكى ئوت كەبى
نىساخانىنىڭ قوللىرىنى سىقتى ئۇزاق.

نىساخان
كۆمۈپ قويغان كۈيلىرىدە تۇغۇلدى،
ئەل قەلبىدە ئابىدە بوپ قۇرۇلدى.

*                    *

شادلىق تېپىپ زامان چېھرىگە،
قانمىدى ئەل كۆيىنىڭ مېھرىگە.
نىساخان
ئويۇن قويۇپ ھەر تامان،
كەلدى يەنە نۇرلۇق كۆسەنگە.
ئالقىشلىدى ئەل،
كۆيچى قىزنى.
سۆيدى نىساخان
ئەلنىڭ ئىزنى.
«ئات ئايلىنىپ تاپقاندەك ئوقۇر»
كۆلۈمسىرەپ باغرىنى ئېچىپ،
ئېتىكىگە ئاق كىشمىش قېقىپ
«كەل قىزىم» دەپ باغرىنى ئاچقان،
دەرەخلەرگە
رەستىلەرگە
باغلارغا
كوچالىقنىڭ سۆزۈك قەلبىگە،
قايتىپ كەلدى نىساخان.
ئاي شولىسى بولۇپ تۈندىكى
ئەگەشتۈرۈپ «مىراجىخان»نى
پارلاپ كەلدى نىساخان.

نىساخان
دۇتارىنى ياڭرىتىپ،
ناخشا ئېيتار ھەر تامان.
تىلىنغان يۈرەك،
ئۈزۈلگەن تىلەك،
پىنھاندىكى گۈزەل ئىستەك
تىترەپ، تىترەپ
ئويغانماقتا بىر - بىرلەپ...
كوچا بۇلبۇلى
بوستانىدا سايرايدۇ كۈنلەپ.

ئاتمىش ياشلىق بىر موماي،
بىر قولىدا داپ، بىر قولىدا دۇتار
ھەر كۈيلىرى جاننى قۇچار.
ئۇ بىر ئاشىق سەنئەتكە كۆيگەن،
سۆت بەرگەن ئەلنى يۈرەكتىن سۆيگەن.
ئىزىدىن چېچەكلىتىپ نەچچە باھارنى،
ۋاقتىنىڭ قاناتلىرىغا ئېسىلىپ،
رابىيە مۇھەممەت
رىسالەت ھاپىز
رىسالەت تۆمۈر...
خۇش پۇراقلىق گۈلدەستە بولۇپ،
ئەلنىڭ قەلبىگە تىزىلدى قاتار.

كۈيچىنىڭ ئىشقىدا
يېڭى تاڭ ئاتار.
كۈيچىنىڭ ئىشقىدا
قىشتىمۇ باھار.

## 7

سىم - سىم يامغۇر ئۇرۇلغاندەك تەكچىگە،
بىر خۇش خەۋەر يېتىپ كەلدى كۈيچىگە.
— بېيجىڭغا بارىسىز،
ماۋجۇشىنى كۆرىسىز.
— ...
— بۇ شېرىن چۈش
مۇمكىنمۇ؟...
— ئەلۋەتتە...
قىزغىن ھاياجان قىستى قولىنى.
چەكسىز ئۈمىد
ئاپئاق تىلەكلەر
نۇرلاندۇردى ماڭار يولىنى.
ئۇ بېيجىڭغا بارماقچى،
دۇتارىنى چالماقچى...

* *

بېيجىڭدا،
نىساخاننىڭ
قوش سازى،
خۇش ئاۋازى
يۈرەكنى چەكتى.
ئۇيغۇرنىڭ ئۈنى
ئالەمگە يەتتى،
مارسقا يەتتى.
نىساخان
قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ قات - قات،
چۈشەكەيدۇ بېيجىڭنى پات - پات.

ۋاقىت قىستار تىنىمسىز،
كۆچا خەلق ناخشىلىرى گۈل - چېچەك بولۇپ
رىسالەتنىڭ ئېتىكىگە تۆكۈلمەكتە تېز.
نىساخان ئۇستاز
نېمىگىدۇر ئالدىرايدۇ،
ئۇخلىمايدۇ، دەم ئالمايدۇ،
مىنۇتلاردا يالترايدۇ.
ۋاقىت شەپىسىز
يىپ سۇغارغاندەك
سۇغارماقتا ئۇنىڭ ئۆمرىنى.
لېكىن

روهى دۇلدۇل كەبى شاش،
ئۇ ئۆگەندە چاقنىغان قاشتاش.

*　　*

ئارمان بىلەن قىرىشىپ،
چىقىپ قالدى بىردىنلا قويۇن
قىزىپ كەتتى بازاردا «ئويۇن».
ئۇزۇن كۆلا كىيگەنلەر،
يۇزگە قارا سۇرگەنلەر،
جىن - شەيتان بولۇپ،
ھەسرەتكە تولۇپ،
كىندىكىدە تۇرمۇشنىڭ
«ئويۇن» قويار مىڭ ئۆلۈپ.
نىساخانمۇ بولۇپ جىن - شەيتان،
گاھ ئۆيىدە
گاھى كوچىدا
ئۆز - ئۆزىگە يۇرىدۇ سۇپلەپ،
كەپتەر كەبى بۇقۇلداپ ئۇنلەپ:
«يىغلىنار يۇرەك ھەر مىنۇت،
شۇ يۇرەكتىن چىقار ناخشا - كۈي.
‹تۆت كونا› بوپقالسۇن قانداقچە ناخشام،
بۇ قانداق پەتىۋا، بۇ قەيەرچە خۇي؟!
كىيدۇرگىن كۆلانى ۋە يا سۇر قارا
سازايى قىلغىن ھەم كوچىمۇ كوچا.

ئۈزۈلمەس بۇ رىشتىم ناخشا ـ كۈي بىلەن،
مۇشتۇمدەك يۈرىكىم يالقۇنلار، يانار،
تارلىرىم دىللاردا جاراڭلاپ بارار... »
نىساخان ئەلەم بىلەن تىناتتى شۇنداق،
«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» «جىن ـ شەيتان»غا
چوڭ ـ كىچىك دىمەستىن بىرەتتى ساۋاق...
نىساخان
چىرايلىرى بولغاندا سامان
يىغى كۈنگە ئۇلاشتى ئاران.
هوسۇلىنى قوغلىشىپ يەنە
چۆكۈپ كەتتى كۈيلىرى تامان.

*　　*

ئۇنئالغۇ
قىشتىكى يالقۇندەك كۆيۈپ جىممىدە،
نىساخاننىڭ مۇڭلىرىدىن
سىزماقتا بەتلىرىگە گۈل ئابىدە.
ئۇنئالغۇ تۆمۈر
لېكىن
قەلبىدە ئوخچۇپ تۇرار لىرىكا،
چۈنكى
لىرىكىنىڭ هەر تامچىسىدا
كۈيىگە چۆكۈپ،

ئۆزىگە چوكوپ
ئولتۇرىدۇ،
ئاق روماللىق،
قاما تۇماقلىق،
داپ، دۇتارلىق
كوي پىرى —
ئىساخان ئانا.

*　　　*

ئىبلىس كېسەل
چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى ئانىنى
ئەزرائىلمۇ چىڭختماقتا تانىنى.
ۋاقىت يەتتى،
ئەزرائىل
پانىيدىكى يولنى ئەتتى.
مىڭ توققۇزيۈز سەكسەن يەتتىدە،
رىزقى تولغان شۇنداق پەيتىدە،
سەكسەن بەش ياشتا ئىساخان ئانا،
بىزگە خوش ئېيتىپ باقىيغا كەتتى.
ئاھ، جۇدالىق بىزگە خوپ يەتتى.
ياتار جايى بولدى ئۇنىڭ قىغدۆڭ مازارى،
يىغان چېكىپ يوقلىدى ئەل كۈندە قاتارى.
تاشتى ئۆگەن بۇزرۇك ئانا ئۇچۇن ياش توكوپ،
كۆيدى چۆلتاغ ئۆز - ئۆزىدە بۇلبۇلنى كوتوپ.

ھىجران يامغۇرى پەسەيگەن بىر چاغ،
«مەۋلانا ئەرشىدىن مازارى» بىر كۈن،
نىساخان ئانىغا باغرىنى ئاچتى،
سىغىنىش يەنە بىر قايىندى، تاشتى.
نىساخان ئانا ئىرادە بىلەن
«قىغدۆك»دىن كۆچۈپ كەلدى،
دىللارنى قۇچۇپ كەلدى.
ئۇنىڭ باسقان ئىزىنى
كۈسەنلىك سۆيۈپ كەلدى.

ئۈچ يۈز گۆھەر قالدى ئۇنىڭدىن،
ئۈچ يۈز كىتاب قالدى ئۇنىڭدىن.
نىساخان ئانا
قەيسەر ئانىجان،
مۇشەققەت دەشتىدە يىغلىسىمۇ قان،
چولپاندەك پارلاپ ياشىغان ھامان.
ئۇ باسقان ئىزدا يالتىراپ زىيا
ئەۋلاد يولىنى قىلغانتى راۋان.
ئىزچىلار مەردانە ئۇنىڭ ئىزىدا،
كەلمەكتە ئىز بېسىپ بولسىمۇ داۋان.

كۈسەنىنىڭ بۇلبۇلى
كۈسەنىنىڭ قىزى

نۇرلاندى ئۇنىڭدا ئەجدادلار ئىزى.
تىكىلدى ئۇنىڭغا جاھاننىڭ كۆزى.

*　　　　*

مۇزدەك يېڭى ئادەملەر ئارا
گاھى قىزىپ
گاھىدا سوۋۇپ،
ياشاپ بارىمىز ئارمانغا قونۇپ.
بەزىلەر چۆچەك ئېيتىدۇ
دەرەخ ئۈستىدە.
بەزىلەر كىتاب ئوقار
دەريا تېگىدە.
يەنە
بەزىلەر
ئېيتمايدۇ،
ئوقۇمايدۇ،
ئېيتالمايدۇ
ئوقۇيالماس ھەم،
ئۆزى ئۈچۈن يېمەس زىنھار غەم.
يىپقا تىزىپ ئۆتكەن - كەچكەننى
نام بېرەلمەي چېكىدۇ ئەلەم.

مەن
قورقماي تۇرۇپ چەكسىز باھادىر،
ھۆل ئادەمنى
قۇرغاق ھاۋانى
شاماللار توزۇتقان نەم توپىلارنى
كىتاب قىلىپ ئوقۇدۇم تەكرار،
كىتابلىرىم ھەم
مېنى ئوقۇپ ئولتۇرار قاتار...

## نىساخان ئانا

قەلبىمدىكى
بىر دەستە قىزىلگۈل قات - قات ئېچىلغان،
روھىمغا تىزىلغان بىر بۈيۈك كىتاب
تومۇرۇمدا دولقۇنلىغان تارىمنىڭ سۈيى،
قېتىۋەتتىم كۆيلىرىگە سۆيگۈمنى.
سۆيگۈم
مۇھەببەتنىڭ سۇمبۇل چېچىدەك
يەلپۈنىدۇ يىل شامىلىدا،
ئايان قىلىپ كۆسەن كۈيىنى،
تىرىلدۈرۈپ يېشىل سۆيگۈنى...

2010 - يىلى 12 - يانۋار

## ئۈيغىنىش

بىر تال ئۇرۇق
قۇملۇق ئاستىدا چۈشەكەيدۇ
سۇنىڭ يېشىل چېچىنى تاراپ.

سىم - سىم يامغۇر شەيتانىنىڭ يېشى
قۇملۇقنىڭ يۈرىكىگە يېقىۋېتىپ ئوت
قاقشال دەرەخكە تىلىمەكتە قۇت.

مۇڭلۇق بىر كۈي
توغراقنىڭ كۈيى،
ئۇرۇقنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.
ئۇرۇق قىمىرلىدى، شىۋىرلىدى:
قۇرۇپ كەتتى تەن، قۇرۇپ كەتتى تەن...

قىشتىكى شامال
سۆيمەكتە يۇلغۇننىڭ نەم شېخىنى.
يۇلغۇن
بارخانلارغا قويۇپ بېشىنى
كۈيلىمەكتە ئاينىڭ چېھرىنى.

يۇمشاق، ئىسسىق بىر تىۋىش
ئۇرۇقنىڭ چۈشىنى چەكتى پەم بىلەن،

غىچىرلىدى ئىچىلدى ئىشىك،
چىقتى ئوررۇق چەكسىز غەم بىلەن.
— كىم چۈشۈمنى ئوغرىلاپ قاچقان؟
— مەن قارىنىڭ گۈلى،
تىنىقىمدا يۈلغۇنىنىڭ كۈيى...
— كەتكىن تېزرەك بىزارمەن سەندىن،
قارىچۇقۇڭدا چايقىلار دېڭىز،
يۈرىكىڭدە ئۇلتۇرار دېڭىز،
شۇ دېڭىزنى كۆرسەم مەندىن.
— ئېھ، يالغانلىرىڭ...
— ئاسىيمۇسەن؟
— بۇ دېگەنلىرىڭ...
تومۇرلىرىڭ چاڭقاپ تۇرسىمۇ،
چۈشلىرىڭدە دېڭىز يۈرسىمۇ،
سەزگۈلىرىڭ تونۇمىدى ئېھتىمال.
بەلكىم،
تېنىۋالدىڭ ھەممىدىن.
— سەن!...
— مەن
— ئاھ، چۈشۈمدىكى...
— چۈشۈڭدىكى مەن.
چۈشلىرىڭنى چېقىۋەتكىن سەن،
قايتىپ كەلگىن بارخانلىرىڭغا،
چېچەك ئاچاي يۈرىكىڭدە مەن.
پەرھاد كۆرگەن جاھانىنەما
قوينۇمدا بار كۆرۈپ باق.

سېنى بېھوش قىلغان شېرىن چۈش
راست - يالغانمۇ بىلىپ باق.
ئۆرۈك قىزاردى
غۇنچىلىغان كەبى قىزىل گۈل.
مۇزدەك شامال
باغاشلىدى ئۆرۈكنىڭ نەپەسلىرىنى
ھەم
ئېلىپ كەتتى سۇنغان چۈشنىڭ پارچىلىرىنى.

ئۆرۈك
ئويغاق ئالەمدە
كۆمۈۋەتتى ئۆزىنى...
جاھانىنەمادە
تېپىۋالدى ئۆزىنى.
باھار شامىلى
ئېلىپ كەتتى
ئۆرۈكنىڭ شېرىن چۈشىنى.

ئۆرۈك
غېرىبلىقنىڭ ئۇيۇقىدا مۈگىسراپ،
سېغىنماقتا توغراق سۈيىنى
سېغىنماقتا يۇلغۇن كۈيىنى...

2009 - يىلى 25 - ئۆكتەبىر

# تارىم لىرىكىسى

سۆكۆتلىرىم ئاقار تىپتىنچ
ئۆپۈقتىكى نۇر دەرياسىدەك.
مەن
يوقلۇقۇمدىن بىزار بولغان خىياللىرىمدەك
قېچىپ چىقتىم ئۆزۈمدىن ئاستا
ۋە
بويۇڭغا كەلدىم، ئەي ئانا!
ئېھ تارىم ئانا!
ئەسسالام
ئەسرلىك كەچمىشلىرىڭگە!
ئەسسالام
تىپتىنچ خىياللىرىڭغا!
دولقۇنلىرىڭ ئويلىرىمدا تۇرسىمۇ،
نەپەسلىرىڭ يۈرىكىمدە يۈرسىمۇ،
ئۆز - ئۆزۈمنى كۆمۈپ دالدىغا
ئوخشاپ قالدىم ئويسىز بالىغا.

بۈگۈن چارشەنبە
كەلدىم چۆمۈلگىلى ئىللىق قوينۇڭغا.
قىزىلگۈل،

ئەتىرگۈل،
سەبدە گۈل بولۇپ
چېچىلغىلى ماڭار يولۇڭغا.

ئەي ئۇلۇغ تارىم
سەن شۇمۇ، ئەمەس
بەلكىم
مەن ئازدىم.
كۆردۈم سېنى ئېغىر سۈكۈتتە،
جىمجىت، ئېغىر دەردمەن ئايالدەك.
يۈرىكىمگە تۆكۈلدى كۆز ياش
مەن ئۇچۇنلا ياشاپ كەلگەن ئانامدەك.

سۈكۈت مېنى سۆيدى ئاۋايلاپ،
مەن سۈكۈتكە كەتتىم چىرمىشىپ.
ئاھ! بۇ نېمە هال؟!
سۆزلىسەڭچۇ ئانىجان تارىم.
شاۋقۇنلىرىڭ قېنى مېنى چىللىغان؟
دولقۇنلىرىڭ قېنى مېنى چىللىغان؟
چۆمۈلگىلى كەلگەن ئىدىم بويۇڭغا،
چۆچىكىنى بېلىقلىرىڭنىڭ
ئاڭلىغىلى كەلگەن ئىدىم بويۇڭغا.
سۇندى تىلەك

يىرتىلدى يۈرەك
ئاھ، ئەپسۇس...
گۈزەل كىچىكىش
شىرىن ئۈمىتۈلۈش...
ھەۋەس بىلەن
مۇھەببەت بىلەن
كەزدىم
يۇمشاق، ھۆل تەنلىرىڭنى
سۆيدۈم
كىچىك كۆلچەكلىرىڭدىكى
بىلىقلىرىڭنىڭ مۈڭلۈق سىرىنى...
لېكىن
ئالتۇن تارغىقىم بىلەن
تاراپ قويالمىدىم سۇمبۇل چىچىڭنى...

مەن باغرىڭدا ئولتۇردۇم ئۇزاق،
يۈرىكىڭگە چۆمۈلدۈم ئۇزاق.
نە ھال بىلمىدىم؟
دولقۇنلىرىڭنىڭ تىۋىشى كەلدى،
مىڭ يىل ئاۋۋالقى گۈللەرنى تېرىپ،
قىشنىڭ تىنىنى قوينۇمغا سېلىپ.

مەن
جىمجىتقىنا ئولتۇرۇپ،

گۈللىرىڭنى پۈرىدىم ئاستا.
پۈرىدىم يەنە
قىشنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرىنى.

قۇياش
ئاشىقمىدەك چۆكمەكتە ئۈنسىز،
چېچەكلىگەن ئوتلۇق كۆزۈمگە.
ۋاقىت ئۆتكۈر خەنجىرى بىلەن
يۈرىكىمنى تىلماقتا قات - قات.
ئاھ ئىسسىق يۈرەك!
سېنىڭ چەكسىز بويلىرىڭدا
قىزىلگۈلدەك ئېچىلدى قات - قات.
قۇياش
مەغرىب تامان ئۇچماقتا تېز - تېز
خەير - خوش تارىم!
يېتىۋالاي نازۇك قۇياشقا
يەنە يوقلاپ تۇرىمەن پات - پات...

2009 - يىلى 28 - ئۆكتەبىر

# ئۆزۈمنى ئىزدەپ...

يۇلتۇزلار سورايدۇ ئۆزۈڭ قېنى دەپ
تولۇن ئاي سورايدۇ ئۆزۈڭ قېنى دەپ.
كىتابخۇمار ئاتاممۇ بىر كۈن،
سوراپ قالدى ئۆزۈڭ قېنى دەپ.
ئۆزىدىكى ھەممىنى بەرگەن،
يوللىرىمغا قىزىلگۈل تەرگەن،
ئارمىنىمغا جان بەرگەن ئانام
كۆرمىگەندەك مېنى ئەزەلدىن
سوراپ قالدى ئۆزۈڭ قېنى دەپ.
مېنىڭ دىلكەش دوستۇم پاتىگۈل
كۆزلىرىمگە قاراپ بىر ھازا
يۈرىكىمدە تۇرۇپ بىر ھازا
دېدى تەشۋىش بىلەن مۇڭلىنىپ:
كېچەلمەيمەن سېنىڭدىن زىنھار
سېنىڭسىز مەن ئۈيقۇدىن بىدار،
ئۆزۈڭ قېنى تاپالمىدىم مەن
يوقاپ كەتتىڭ كۆرسەتمەي دىدار.
يەنە
يۈرىكىمگە باش قويغان بىراۋ
چۈشلىرىمگە ئېلىنىپ ئاستا

سوراپ قالدى ئۆزۈڭ قېنى دەپ.
ھەيران بولۇپ مەنمۇ ئۆزۈمگە
قاراپ كەتتىم يوغان ئەينەككە.
تۇتۇپ قۇلاق، بۇرۇنلىرىمنى،
كۆزلىرىمنى
بويۇنلىرىمنى
تىخشاپ يەنە نەپەسلىرىمنى
تولۇقلۇق چىقىلىپ مۇڭلۇق
ئۆزۈم قېنى؟
ئۆزۈم نەدىسەن؟!

يوقلۇقنىڭ بايرىقى لەپىلدەر غۇۋا
قۇياش
مومامدەك مۇگدەپ قالغان بىركۈنى،
مەن
ئاشقىنى ئىزدەپ چىققان مەشۇقتەك
تۆمۈر كەشنى كىيىپ پۇتۇمغا
تۆمۈر ھاسا ئېلىپ قولۇمغا
چىقىپ كەتتىم ئۆزۈمنى ئىزدەپ...

سەپەر ئۇزۇن
بەلكىم
بۇ يول
بارسا يا كېلەر يا كەلمەس.

چەكسىز باياۋان
تەشنالىق چىچەكلىدى لەۋلىرىمدە،
ھېچكىم ماڭا يۈتۈم سۇ بەرمەس
ھېچكىمۇ يوق بۇ يەردە.
قۇرۇغان دەريالارغا چۆكتۈم تالاي رەت،
سورىدىم بېلىقنىڭ قاسراقلىرىدىن:
— ئېيتىپ بەرگىن ئۆتمۈشتىكى سەن،
ئۆزۈم نەدە يۈرىدۇ تېنەپ؟!
تاپالمىدىم ئۆزۈمنى ئىزدەپ.

سادا يوق ئۇندىن
سۈكۈت يەنە تالاي سۈكۈتلەر...
قوشۇلماقتا غېرىبلىقىمغا.

بىركۈنى شۇنداق
كېلىپ قالدىم توغراقزارلىققا،
ئالتۇندەك يوپۇقنى يېپىنىپ ھەيۋەت،
ياتاتتى بىر توغراق يەرنى قۇچاقلاپ.
سۆيۈنۈپ دېدىم: ئەي توغراق بوۋا،
مەن يۈرىمەن ئۆزۈمنى ئىزدەپ
كۆردۈڭمىكىن بەرسەڭچۇ سۆزلەپ!؟

توغراق جىمجىت ياتار سۈكۈتتە،
كېتىپ قالدىم يەنە ئۈمىدتە.

چاتقاللاردىن ئۆتتۇم ئايلىنىپ
ئىتلارغىمۇ كەتتىم تالىنىپ
سەپەر يەنە چەكسىز سۈكۈتتە،
ئىزدىگۈچى سەپەر ئۈستىدە...
ئېھتىمال بۇ يول
بارسا كەلمەس يول
لېكىن يۈرىكىم چەكسىز ئۈمىدتە.

سانسىز يوللار
سانسىز مەھەللە
سانسىز چۆللەر
سانسىز ئادەملەر
خاتىرەمگە تىزىلدى قاتار
كەچمىشلىرىم يېزىلدى قاتار.
تاغلاردىن ھالقىدىم، تىتىلدى قولۇم.
قان داغلىرى قالدى گۇل بولۇپ،
مۇشەققەتنىڭ داۋانلىرىدا.
بىر مۇساپىر غۇنچىلىماقتا،
خۇش پۇراقلىق ئارمانلىرىدا...

بورانلىق كېچىدە تۇنىدىم مەغرۇر
يول باشلىدى كۆك بۆرە
ماكان بولدى قاراڭغۇ ئۆڭكۈر.

شاماللار يېرىلغان لېۋىمگە سۆيدى،
چاقماقلار تىپتىنچ تىلىمغا كۆيدى،
يۇلتۇزلار تۇنۇمدە ئاستا شۋىرلاپ
كىرپىكى تۆكۈلگەن كۆزۈمگە قوندى.
بارخانلار
ياپراقلار
قۇملۇقتىكى چۈش
سۆيمەكتە سويۇلغان تېنىمنى ئاستا،
يۈرمەكتە مەن بىلەن چۈشىدە قاتار.

تۆمۈر كەشىم تىتىلدى،
ئۇپراپ كەتتى ھاسىمۇ.
تاپالمىدىم ئۆزۈمنى
كوھىقاپقا بارسامۇ.

*　　　*

قايتىپ كەلدىم ئۆيۈمگە
قايتىپ كەلدىم ئۆزۈمگە.
ئەلەم بىلەن يىغلىۋەتتىم تولغىنىپ
تاپالمايمەن ئۆزۈمنى نىچۈن؟
ئۆزۈم نەگە يوقىدى يوچۈن؟
نۈر چېچىلدى
كۆپكۆك ھەيھات...
ئەتىرگۈللەر ئېچىلدى قات ـ قات.

چىقتى ھەيۋەت بىر ئاۋاز ئۇندىن:
يۈرىكىڭمەن مەن سىنىڭ
نۇر چاچقىنى ئىسسىق قېنىڭ
ئىزدەپ يۈردۈڭ ئۆزۈڭنى ئۇزاق،
يۈرىكىڭگە كەلمىدىڭ بىراق.
يۈرىكىڭنى ئىزدىسەڭ بىر رەت،
تاپالايتتىڭ چوقۇم ئۆزۈڭنى،
يوغان ئاچقىن كۆڭۈل كۆزۈڭنى.

مەن
ئۇزۇن سەپەرنىڭ كەچمىشىن ئېلىپ
يۈرىكىمگە چۆكتۇم پەم بىلەن.

يۈرىكىم
ئۇنلىمەكتە يېشىل تەم بىلەن.
تېپىۋالدىم ئۆزۈمنى ئۇندىن.

ئاھ يېشىل چۈش
قۇياشلىق سەھەر
كۆزىنى ئاچتى
ئۆزۈم
يىتىپ كەتكەن ئۆزىنى تاپتى.

غۇنچىلىدى ئۇندا بىر ئايال
ئېچىلماقتا يېڭى بىر ئارال.

2009 - يىلى 25 - ئۆكتەبىر

# ئەينەك

ئەينەك ئالدىدا
چېكىت بولۇپ يىغىلدى ئالەم
كۆلدەك تورۇپ چېچىلدى ئالەم.

— سەن بىلەمسەن قۇياش نېچۇن شاش؟!
— چۈنكى ئۇنىڭ يۈرىكى ياپياش.
شاھلىقىدا بۈيۈك قۇياشنىڭ
تۇرار كۆزلەر تەلمۈرۈپ ئاڭا،
تۇرار يۈرەك تەلپۈنۈپ ئاڭا...
پەقەت كۆيۈش، پەقەتلا كۆيۈش
ئاھ قىلماقتا ھەممىنى ناكا...
ئەينەك ئالدىدا
تىترەپ تۇرار يېگانە قۇياش.
ئايان بولدى بىر بۈيۈك ئۇزاش...

2009 - يىلى 4 - فېۋرال

# ھاياتلىق لىرىكىسى

دېڭىز رەڭلىك كۆيلەر ئىچىدە
يۇمران كۆلكىسىدىن تۆكۈپ مىڭ باھار
كەلمەكتە بىر بوۋاق قۇياشقا مىنىپ.

مەيىن شامال
قىيا ئېچىپ ئىشىكنى
چېچىۋەتتى يۈرىكىنى.
ئاق تېرەكلەر پاتماي ئۆزىگە
يۈگۈرمەكتە يەرنىڭ تەكتىگە،
يۈگۈرمەكتە ئاينىڭ تەختىگە...

چىلان تۇپراق ئىسسىق باغرىدا
قەدىم ئىرانىڭ چۈشلىرى بىلەن
پەپىلەيدۇ قايناق شەھەرنى.

تۇرگۇن ۋاقىت
ئالتۇن قەلىمىنى يالتىرىتىپ
ئورمانلارنىڭ ياپراقلىرىغا
يېزەر سپارتاكنىڭ شانلىق قەھرىنى
ئاتىلارنىڭ شجائىتىنى

يەنە
تەكلىماكاننىڭ بۆرجىكىدىكى
كىمگىدۇر تەلمۈرۈپ، گىدۈدەك كۈتۈپ،
توپىلىق يولدا تۇرغان بالىنى...

كۆل رەڭ بۇلۇتلار
ئېتىكىنى ئېچىپ بىردىنلا
تۆكۈپ بەردى يامغۇرلىرىنى.
بىر ئەر
يەنە بىر ئايال
شارقىرىغان يامغۇر ئۈندىن
ئىزدىمەكتە كىمدۇر بىرىنى...

چاراقلىغان خىياللار ئارا
چىقىپ كەلدى دېڭىز رەڭ كۈيلەر
پەرۋاز قىلىپ غايەت بىر كېمە
دولقۇنلارغا نۇرىنى تۆكەر.

ئاھ ... كەلدى مانا
يېشىل ئوتنى چىشلەپ كۆك كەپتەر...
بىر زەبەردەس ئەر
تاقىلدىغان رېلىس يېنىدا
چەكسىز پويىزلارغا بەلگە بېرىدۇ،

ئۆز - ئۆزىنى چۆۋۈپ يۇرىدۇ.
ئېھتىمال ئۇ ئەر
قۇياشقا مىنگەن ھېلىقى بوۋاق
خىيابانلىق كۈيلىرى ئۇنىڭ
تۇنلەرنىڭ سەۋرىدە ئۇزايدۇ ئۇزاق...

دېڭىز رەڭ كۈيلەر يۇيار ئالەمنى
تۇغۇلار قۇياشتىن يەنە بىر بوۋاق...

2010 - يىلى 20 - ماي

# كۆتىمەن سېنى

ئاقىدۇ باغرىمدا بىر ئەزىم دەريا،
تۆگىمەس كۆيىنى ياڭرىتىپ لەرزان.
نۇر بولۇپ چايكىلار ئۇچۇشار يەڭگىل،
ئۆپۈقتا تۇتاشقان زەر قۇياش تامان.

ئېرىيمەن تېپتىنچ قايناق بىر ھېستا،
يۇلتۇزدەك يانىسەن ئويۇمدا ھامان.
شامالار بەرگەندە نەپەسلىرىڭنى،
ئايلىنار جەننەتكە مەن تۇرغان ماكان.

دولقۇنلار ئەۋجىدە تۇرىسەن مەغرۇر،
يامغۇرنىڭ مۇڭىدا كۆرىمەن سېنى.
يوللارنىڭ گىرىمسەن دوقمۇشلىرىدا،
چوغ سوراپ ھەر ۋاقىت كۆتىمەن سېنى.

2010 - يىلى 21 - ماي

## سىڭىپ كېتەي ئۆزۈمگە ئەبەد

بىز ئىشىكتە قالغان ئۆچرىشىپ،
نىگاھلاردا گۈللىگەن باھار.
كېتىپ قالغان ئىدۇق ئاھ، ئۈنسىز،
يۇلتۇزىمىز تۇرسىمۇ قاتار.

ئۆتتى تالاي يامغۇرلۇق كېچە،
گۈلىستانىم باغرىنى چەيلەپ.
سەن ھەدىيە قىلغان شۇ باھار،
كەلدى ھايات شامىمنى پەرلەپ.

ئارمىنىڭغا بولالمىدىم جور،
ياپراقلىرىم تۇرسىمۇ چاڭقاپ.
ئازابلارنى سۆيگەن ئۆزۈڭدەك،
روھىمىزدا تۇرايلى پارلاپ.

مەن سۆيىمەن ئۆزۈمنى چەكسىز،
ئۆزۈم بولۇپ ياشايمەن پەقەت.
ئۇنۇت مېنى، ئۇنۇتقىن نىگار،
سىڭىپ كېتەي ئۆزۈمگە ئەبەت.

**2009** - يىلى **1** - ماي

# چۆكۈش

مېۋىزارغا كەلدىم كۈي بىلەن،
چېچەكلەرنىڭ قۇچتۇم باغرىنى.
كۆكلەپ چىقتى قۇرۇغان جىسمىم،
چەككىنىدە باغۋەن تارىنى.

ئاپتاپسىنىپ تۇرغان غېرىبلىق،
مۇڭلىرىنى كۆمدى دالىدىغا.
دولقۇنلىغان كەچمىشلەر ئىچرە،
بىر گۈزەل چۇش چىقتى ئالدىغا.

چېچەكلىدىم مەنمۇ يالقۇن رەڭ،
ھىدىم بىلەن باغلارنى كەزدىم.
سەھىرىدە كۆكلىگەنلەرنىڭ،
شادلىقىنى، بەختىنى سەزدىم.

تىمتاس ئارال، تىمتاس ساھىلدا،
قۇچاقلايمەن ئۆزۈمنى مەھكەم.
يۈرىكىگە چۆكتۇم پەسلىنىڭ،
ئەمدى ئىزدەپ يۈرمىگىن ئەركەم.

2010 - يىلى 2 - ماي

# چاقىرماقتا بىرى مېنى يىراقتا

چاقىرماقتا بىرى يىراقتا
ئاڭلاپ قالدىم ئىسمىمنى غۇۋا.

بۇلاقلىرىڭ قۇلىقىمغا شىۋىرلاپ،
چۆكتۈرسىمۇ كەيپلىكنىڭ لەرزىگە.
شامالىرىڭ نازلىق ئەركىلەپ،
چىللىسىمۇ شېرىن بەزمىگە.
كېتەي دەيمەن ئەمدى بۇ يەردىن،
چۈشۈمدىكى گۈزەل شەھەرگە.

ئەتىرگۈلنىڭ كۆزلىرىدە ياش،
شېئىر ئوقۇپ ئولتۇرار مۇڭلۇق.
چىملىقلاردىن ئاڭلانماس كۈلكە،
تۇتامدىكىن دەردىنى يوللۇق.
يۈرىكىمغۇ بېرەلمەس بەرداش،
مۇمكىنمۇ ئاھ ... ھىجرانغا چىداش.
لېكىن توسما مېنى ئەي نىگار،
يىراق جايدىن كەپقالدى خەۋەر.
چاقىرماقتا بىرى ئىسمىمنى
قۇتلۇق بولسۇن ماڭا بۇ سەپەر.

مېۋىزار باغلىرىڭ قالسۇن ئۆزۈڭگە،
خىيابان ساھىلىڭ قالسۇن ئۆزۈڭگە،
قۇشلارنىڭ كۈيلىرى قالسۇن ئۆزۈڭگە،
يۇلتۇزلۇق تۈنلىرىڭ قالسۇن ئۆزۈڭگە،
ئايرىلىش بولسىمۇ ئېغىر، بەك ئېغىر،
نۇردەك چاقناپ، نۇردەك يالتىراپ.
باراي جىمجىت ئالەمگە تاراپ.
توسما مېنى، قويۇۋەت نىگار،
كۈتەر مېنى بىرى يىراقتا،
تۇيدى يۈرەك ئويغاق بىر ھېستا.

چاقىرماقتا مېنى يىراقتا،
ئاڭلاپ قالدىم ئىسمىمنى غۇۋا.
ئىزدەپ قالساڭ بىر كۈن تەرەپبال،
كۆيۈشلەرنىڭ تەپتىدىن سورا
قولى كۆيگەن بەندىدىن سورا...

2010 - يىلى 24 - ماي

# ئاققۇشقاچ

سىغىنىشنىڭ سەھىرىدە ئاققۇشقاچ،
سايراپ كەتتىڭ ئەجەب يېقىملىق.
قۇياش ئاناڭ بەردىمىكىن بۈگۈنمۇ،
يۇلتۇزلارنىڭ چۈشلىرىدىن ناشتىلىق.

يالتىرىغان كۈمۈش ياپراق ئىچىدە،
مەست قىلدىمۇ شەبنەملەرنىڭ جىلۋىسى.
خۇش پۇراق ھاۋا
سۇ سىپىلگەن يول...
ساڭا مەپتۇن بولدى ھەممىسى.

كۆزلىرىڭدە ياش،
لېۋىڭدە كۈلكە،
كۈيۈڭ توختىماس،
يۈرەكلەر قانماس...

ئېيتقىنا جانىۋار
كېچە بۇ يەردە،
مۆكۈشمەك ئويناپ
يىتتۈردۈڭ كىمنى؟

ۋىسال باغرىڭنى
قوچقان شۇ دەمدە.
ئېھ، ئوتلۇق يۈرەك
ئېھتىمال ئەركەك
مۆگدەپ قالغاندۇر
مۆككەن يېرىدە.
ئېھتىمال تاتلىق كۈيلىرىڭ بىلەن
تەڭرى
زەر يىپتا توقۇغان ۋىسال ئىشكى
ئېچىلار يەنە كېچە بەرگىدە.

ئېھ، ئاققۇشقاچ ھىجرانلىرىڭنى،
چېچىۋەتتىڭ پۈتۈن سەھەرگە
مەنمۇ چاچاي شەبنەملىرىمنى
چىقتىمىكىن يارىم سەپەرگە.

2010 - يىلى 24 - ماي

# ئانا

(ھۆرمەت بىلەن ئانامغا بېغىشلايمەن)

ئالەمنىڭ قۇياشى ئانا،
گۈل ئېچىلماس بېغىمدا سەنسىز.
مېھرىڭ بىلەن تۇردۇم چېچەكلەپ،
ئۆتەر كۈنلەر سەن بىلەن غەمسىز.

يالقۇنى سەن ئارمانلىرىمنىڭ،
مەنزىلىمدە روھىڭ پاياندار.
باھارىڭنى بەرگەچكە پۈتۈن،
بىلىنمەيدۇ زىمىستان، ئاياز.

تۈنىنىڭ سەۋرى تۈنەر باغرىڭدا،
يۇلتۇز كۆيلەر ساداقىتىڭنى.
سۈبھى ئالدى سەندىن ئۇلۇغلۇق،
قۇشلار چۈشەر ساخاۋىتىڭنى.

ۋۇجۇدۇڭدىن تامچىلاپ ھەممە،
سىرغىپ چۈشتى بۇلاقلىرىمغا.
تۇمار قىلىپ ھېكمەتلىرىڭنى،
ئېسىپ قويدۇم ئوماقلىرىمغا.

تىنىقىڭدىن چېچەكلەر دىللار،
ساھىلىمدىن كېتەلمەيدۇ ئاي.
كۆكنۇر بولۇپ قايغۇ ـ شادلىقىڭ،
كۆيلىرىمگە راسلىشىدۇ جاي.

شام چىراغسەن تۈنلەرگە زىننەت،
ئىخلاسىڭدىن تىرىلىدۇ جان.
ئەما دىللار ئېقىنلىرىڭدا،
بېلىق بولۇپ يايرايدۇ ھەرئان.

ئانا دېدىم، يايرىدى تېنىم،
ئۇستاز دېدىم ئۇرغۇدى قېنىم.
شائىر قەلبى قويساڭمۇ مېنى،
تەرىپىڭگە گاچىدۇر تىلىم.

زىكرى قەلب تۇرسىمۇ تىلىم،
خىسلىتىڭنى كۆندە مىڭ مەرتە.
ۋاقىت قىستار چىغىر يوللاردا،
بارالمايمەن يېنىڭغا ھەپتە.

چانىقىڭدا لىغىرلىتىپ ياش،
غېرىبقىنا دېدىڭ بىركۈنى:
«خىزمەت، بالا، ئۆيۈم ئۈچۈن دەپ،
دېيەلمەيتتىم ئانا سەن قېنى؟!

مانا بۇگۈن قاقشال بولغاندا،
مۇڭدىشارغا شۇ ئانام قېنى؟
سەنمۇ مەندەك ئۆكۈنمە بىر كۈن،
ئەتە مەن يوق، دېسەڭ سەن قېنى؟!

ئاھ، نە قىلاي، كەچۈر جان ئانا!
مۇڭلىرىڭغا مۇڭ تۆكەلمىدىم.
سېغىنسامۇ ھەر مىنۇت، سائەت،
ئىسسىق - ئىسسىق چاي تۇتالمىدىم.

زىكرى قىلسام نامىڭنى ئانا،
تىترەپ كېتەر مىسكىن يۈرىكىم.
قېنىۋالسام دەيمەن ھىدىڭغا،
توختىغۇچە ئۇتلۇق تىنىقىم.

2010 - يىلى 25 - ماي

# شېئىر ۋە شائىر

قۇياش قوندى دىلىستانىمغا
لېكىن قۇشلار سايرىيالماس خەندان ئۇرۇپ.
گۈللەر ئالتۇن تەختىدە
زارىقىشنىڭ كۆلەڭگىسىدە
ئولتۇرىدۇ چاچلىرىنى چۇۋۇپ - چۇۋۇپ.

ۋاقىت ئۇچماقتا سىرلىق قەسىرگە،
ماي ئېيىنىڭ ئاخىرى
شادىيانە دەسسەپ سەنەمگە
سالام بېرەر پەرىشتىلەرگە.

گىرىمسەن ئۇمىدنىڭ نەم شاخلىرىدا
ئازاب بىلەن تولغىنىدۇ كۆك كەپتەر.
قاراقلاردا يالتىرايدۇ تامچىلار
تاشقىنلايدۇ جىرالاردىن ھەسرەتلەر.

كۆي دولقۇنلىرى
ئېتىلماقتا تىمتاس قارلىق يۇرەككە.
ئېچىلماس ئىشىك
يېتەرمىزمۇ قەدىمكى بىر تىلەككە!؟

ئىپ جىمجىتلىق نەقەدەر ئېغىر!
كۆك كەپتەرمۇ ئۈنسىز، ئاھ ئۈنسىز!...
چېلىندى زىلتار
تىترەڭگۈ ئىزتىراپ ياش تۆكتى بىردىن،
بىر تىۋىش ئاڭلاندى شۇ قەدەر شېرىن.

كۆز ئاچتى گۈلشەندە بىر گۈزەل شېئىر،
تۇغۇلدى شېئىردا بىر مىسكىن شائىر.
كۈتۈشلەر پەرۋازى تۆكتى نۇر - زىيا
چاقنىدى نۇر ئىچرە ئاداققى سىيما.

قۇياش قوندى دىلىستانىمغا،
قۇشلار ناۋا قىلار خەندان ئۇرۇپ.
گۈل - چىمەنلەر ئالتۇن تەختىدە،
ئولتۇرىدۇ شېئىردىن كەيپ بولۇپ.

ماي ئېيىنىڭ يىگىرمە يەتتىسى
يالقۇنلۇق ئۈمىدنى باغاشلاپ كەپتەر
ئۈنلەيدۇ مۇڭلۇق
تىلىكى تەڭرىگە يەتكەنگە قەدەر،
تەڭرى يۈرىكىگە يەتكەنگە قەدەر...

2010 - يىلى 27 - ماي

# غەزەللەر

## 1

ئۆزۈلمەس رىشتىلەر ھەردەم مۇشەققەت كەلسىمۇ باشقا،
نەپەسلەردە ئاقار سۆيگۈ پۈتۈپ ھېكمەت قورام تاشقا.

پەلەكنىڭ يازمىشى بىرلە ۋۇجۇدۇڭ پارچىسى بولدۇم،
سىنەرىڭ ئاغرىسا ناگان چاناقلىرىم تولار ياشقا.

ئاتام دەپ چۆرگۈلەپ يۈرمەك پېشانەم شەۋكىتى، بەختى،
بالىلىقىم كۈلەر تاتلىق، ۋاقىت ئىز سالسىمۇ چاچقا.

كىتابقا ئاشىنا بولدۇم، ئۇگۈت - ئىلھاملىرىڭ بىرلە،
پۈكۈپ ئارمانلىرىڭ مەھكەم ئۆزۈپ ماڭدىم ئېگىز قاشقا.

تېغىمسەن گۈلئۇزار باغنى بېھىشتەك ياشنىتىپ كەلگەن،
سېنىڭسىز كۆيلىرىم بولماس، سېنىڭسىز كۈنلىرىم باشقا.

قۇياش بولدۇڭ، ئانام زېمىن، قېرىنداشلار بولۇپ يۇلتۇز،
چاچايلى دۇر مۇبارەكلەپ تۆكۈپ سۆيگۈ كۈمۈش باشقا.

# 2

ساماۋى كۈيدە ئەللەيلەپ، تىلەكنى گۈل بىلەن پەيلەپ،
يېتىلدۈردى قەدىردانلار ھاياتلىق شامىمىز پەرلەپ.

پېلىكى بىر خەمەكلەرمىز يۈرىكىمىز گويا ئاتەش،
ۋۇجۇد بوستانىمىز كەلدى ۋاپا پەيمانىنى يەرلەپ.

مۇشەققەت دەشتىدە بەردەم ئۆتۈپ كەلدۇق سىناقلاردىن،
بېزەلگەچ روھىمىز ئېسىل ئۇدۇم ـ ئادەت بىلەن زەرلەپ.

زىمىستان سانجىسا نەشتەر، ئۇۋۋا بولدى كۆيۈم ـ سۆيگۈ،
تۇغان بولدۇق تاراملارغا، باھارنىڭ ھۆسنىنى ئەسلەپ.

ئۈزۈلمەستۇر قېرىنداشنىڭ بېغى مەھكەم چىڭىپ كەتكەن،
ئۆرىسىمۇ شېرىن شەيتان قاچاڭنى پەم بىلەن قەستلەپ.

پەرىشتىدەك قەدىناسلار تىلەپ نۇسرەت قىلسا دۇئا،
بولالمايدۇ كۆڭۈللەرنى ئالىلىق تاشلىرى دەزلەپ.

دىلىستانىنىڭ تومۇرىدا كۆيەر ھەرچاغ تۇمەن يۇلتۇز،
ناۋا ئەيلەر يۈرەك تارىم قېرىنداش مېھرىنى كۈيلەپ.

## 3

ئىشىكىمنى چېكىپ كىردى ئېتىكىمگە تۆكۈپ زىيا،
زاھىر بولدى ئالىمىمدە گۈلى رەيھان، بويى زىبا.

پەلەكنىڭ يازمىشى بىرلە كۆڭۈلنىڭ تۆرىدە كۈن - تۈن،
چېچىپ خۇشبۇي پۇراقلارنى تۇرار گۈلگۈن گۈزەل سىيما.

سەپەرلەردە تىرەك ھەردەم، تەشنالىققا ئابى زەمزەم،
بولۇپ كەلدۇق ئەزىزلىشىپ زەبۇن قىلماي ھېچبىر ئىما.

پىكىر گۈلشەنىمىز لەيلى، قىزىلگۈلدىن تېپىپ قۇۋۋەت،
ئەقىدە بۇلبۇلى ئۇچۇن تۇمەن جاننى قىلىپ پىدا.

چىمەنلەردە ئايان بولدى ئەجىرنىڭ غۇنچىسى گۈللەپ،
ئۇپۇقنىڭ جىلۋىگەر ھۆسنى قەدەملەرگە ئەزىم گويا.

تۇگۈلگەچ دىلدا ئارمانلار، كۆيەر سۇبھى نەپەسلەردە،
كىرىشكەن نەپەسلەرگە ئەسىر بولار سۇزۇك «قىيا».

قاراقلاردىن تۆكۈلسە نۇر، شېئىر بىلىپ چۆمۈلۈشتۇق،
مېھىر بىلەن چېقىندىدۇق، قېنىمىزنى قىلىپ سىيا.

دىلىستانىم ماكانىڭدۇر باھاردەك ياشنىغىن دوستۇم،
ئىزىمىزنى ئۈنتۈمىسۇن ئەۋلادىمىز تۇمەن ئىرا.

4

كەل نىگارا گۈل - چىمەنىم ئىچرە بارىم كۆرستەي،
كۆي تۆكۈپ ھىجرىڭدە تالغان دىلدا تارىم كۆرستەي.

يوللىرىڭغا كۆز نۇرۇم بولسۇن پاياندار دائىما،
مەن تامان باققىن ئاداشما، خەستە جانىم كۆرستەي.

بىر تەبەسسۇم ئەيلىمەي يۈرەكنى چاك قىلدىڭ ئەجەب،
تۈنلىرى يۈلتۇزغا روشەن قىشۇ - يازىم كۆرستەي.

كۆرمىدىم ھېچكىمنى سەنچە مەغرىبۇ مەشرىق تامان،
دەپ ئەقىدە تىك ياشىغان نومۇس ئارىم كۆرستەي.

كەتسىمۇ گەر ئىنتىزارنىڭ چاچلىرى قاردەك بولۇپ،
خۇشلۇقۇڭغا تۆھپە بولمىش مىڭ باھارىم كۆرستەي.

2007 - يىلى ماي

**كىتاب نامى:** فېۋرالنىڭ چۈشى
**ئاپتورى:** رۇقىيە ئابدۇللا
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** گۈلباھار توختەم
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** قاھار نىياز
**مەسئۇل كوررېكتورى:** جاسارەت غۇپۇر
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** ئەكبەر سالىھ
**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36- نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ بابەي مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 880×1230 م م 1/32
**باسما تاۋىقى:** 11.625
**نەشرى:** 2011 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى
**بېسىلىشى:** 2011 - يىلى 12 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-1932-4
**باھاسى:** 34.50 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



ISBN 978-7-5469-1932-4

定价:34.50元